چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دېڭىز بۆرىسى

جېك لوندون [ئامېرىكا]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇنجان سۇلتان
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرلىرى: ئازات بارات
ئېرجان تۆلەۋ
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز
ھەبىبۇللا ئېلى
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئۇبۇلقاسىم



ISBN 7-80658-931-7
9 787806 589311 >

ISBN 7 - 80658 - 931 - 7
باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دېڭىز بۆرىسى

## جېك لوندون [ئامېرىكا]

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇسالام ئابلىز



**图书在版编目（C I P）数据**

海狼/(美)杰克·伦敦(London, J.)著；于渝生改编；阿布都沙拉木·阿布力孜译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2006.5

ISBN 7-80658-931-7

Ⅰ.海… Ⅱ.①杰… ②于… ③阿… Ⅲ.长篇小说—美国—近代—缩写本—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I712.44

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第037228号

بۇ كىتاب جۇڭگو بالىلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# دېڭىز بۆرىسى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
فورماتى: 787 × 970mm  1/ 32؛ باسما تاۋىقى: 7
ISBN 7 – 80658 – 931 – 7

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社2000年12月第1版第1次印刷版本翻译出版。

责任编辑：吐尔洪江·苏里坦

美术编辑：阿扎提·巴拉提
叶尔江·铁流

责任校对：吐尔洪·吐尼亚孜
艾比布拉·艾力

审　　订：亚森·吾不力哈斯木

世界经典文学作品赏析

**海狼**（维文）

阿布都沙拉木·阿布力孜　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漢尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新华印刷厂印刷
2006年5月第1版　2006年5月第1次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：7
ISBN 7-80658-931-7

定价：7.50元

如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991-4521461

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

جېك لوندون (1876 — 1916) ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى. ئۇ كالىفورنىيە شتاتىدىكى سان ـ فرانسىسكو شەھىرىدە تۇغۇلغان، دادىسى ۋەيران بولغان دېھقان ئىدى. جېك لوندون بالىلىق چېغىدىن باشلاپ جىسمانىي كۈچىنى سېتىپ ئۆزىنى بېقىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ بالىلىق دەۋرىدە نامراتلىقنىڭ تەمىنى يەتكۈچە تېتىغان. كىچىك تۇرۇپلا پادىچى، گېزىت ساتقۇچى، بالا ئىشچى، ئىشچى، ماتروس بولغان. ئۇ چىقىش يولى تېپىش ئۈچۈن، سەككىز يېشىدىن باشلاپ چارۋىچىلىق مەيدانىدا پادىچى بولۇپ ئىشلىگەن. 10 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، سان ـ فرانسىسكو ئەتراپىدىكى ئوكلاند شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، بىرىم يىلدىلا ئۈچ يىللىق دەرسنى ئوقۇپ تۈگەتكەن. ئۇ 1893 ـ يىلى يۈز بەرگەن زور كرىزىستە، ئىشسىزلاردىن تەشكىللەنگەن نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەر قوشۇنىغا قاتناشقانلىقتىن، سەرگەردانلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپ، بىرنەچچە ئاي ئېغىر ئەمگەككە سېلىنغان. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، بىر ياقتىن قاتتىق

ئىشلەپ، بىر ياقتىن جاپالىق ئۆگەنگەن، ئۇ دارۋىن، سپېنسېر، نىتزى ۋە ماركس قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇپ چىققان. ئۇ كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بىلەن كىرىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن بىر مەۋسۇم ئوقۇپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. كېيىن ئالياسكا ئالتۇن چايقاش دولقۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئالتۇن چايقىغۇچىلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ ئالتۇن چايقىغۇچى بولغان. ئىككىنچى يىلى قان بۇزۇلۇش كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇپ، سان ـ فرانسىسكوغا قۇرۇق قول قايتقاندىن كېيىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىتاب ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ مول كەچۈرمىشى ۋە تالانتىغا تايىنىپ ھېكايە يېزىشقا باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئەقلىي ئەمگىكىنى ساتقۇچى» كەسپىي يازغۇچىغا ئايلانغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويغان.

جېك لوندون 1990 ـ يىلىدىن باشلاپ ئارقا ـ ئارقىدىن نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەرنى ئېلان قىلغان. «شىمال ھېكايىلىرى» دەپ ئاتالغان بۇ ھېكايىلەر ئۇنىڭ داڭقىنى چىقارغان. ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىدىكى نامراتلار مەھەللىسى ۋە ئىشچىلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن «ئازاب ـ ئوقۇبەت گىردابىدىكى كىشىلەر»

(1903 ـ يىل)، تەرجىمىھال ژانىرىدىكى ھېكايە «مارتىن ئېدىن» (1909 ـ يىل)، سىياسىي فانتازىيىلىك ھېكايە «تۆمۈر تاپان» (1908 ـ يىل) قاتارلىق نۇرغۇنلىغان پو- ۋېست ۋە نەسرلەر توپلاملىرىدا، كاپىتالىستىك جەمئى- يەتنىڭ ئىللەت ۋە جىنايەتلىرى چوڭقۇر ئېچىپ تاش- لىنىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە يۇرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىسى ئۇستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىنىپ، سىنىپىي كۆرەش ۋە قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئاشكارا چاقىرىق قىلىنغان. 1902 ـ يىلى ئۇ ئاخبارات مۇخبىرى سالاھىيىتى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ لوندون شەھىرىگە بارغان. ئۇ كەمبەغەللەر مەھەللىسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇرمۇش ئەھ- ۋالىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، رېئالىزملىق ئەسەرلەرنى يازغان. 1905 ـ يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابى ئۇنىڭغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن. جېك لوندون سوت- سىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشقان ھەمدە كاپى- تالىزمغا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش مەزمۇنىدىكى كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان.

جېك لوندون قىسقىغىنە ئۇن نەچچە يىللىق ئى- جادىيەت ھاياتىدا 19 پارچە رومان، 150 پارچىدىن ئارتۇق

پوۋېست، ھېكايە، بىرمۇنچە ئەدەبىي ئاخبارات توپلىمى، نەسرلەر توپلىمى ۋە ئىلمىي ماقالە يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقەدەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىدىن «دالا نىداسى» (1903 ـ يىل)، «ئاپئاق چىش» (1906 ـ يىل)، «تاڭ يورۇدى» (1910 ـ يىل)، «ئاي جىلغىسى» (1913 ـ يىل)، «مېكسىكىلىق ئادەم» (1913 ـ يىل) ۋە لېنىننىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن «ھاياتلىقنى قىزغىن سۆيۈش» (1906 ـ يىل) قاتارلىقلار بار. لېكىن، 1913 ـ يىلىدىن كېيىن جېك لوندوننىڭ ئىجادىيىتى روشەن ھالدا ئازايغان. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، ئۇ نام چىقارغاندىن كېيىن، پۇلنى توپىدەك سوروپ بەتخەجلىك قىلىپ، شەخسىي راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىپ، بارا ـ بارا ئىجتىمائىي كۈرەشتىن يىراقلىشىپ كەتكەن. ئوقۇرمەنلەر ۋە نەشرىيات سودىگەرلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ھەمدە ئۆزىنىڭ ماددىي راھەت ـ پاراغىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرمۇنچە سۈپەتسىز ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ ئىجتىمائىي كۈرەشكە ئىلگىرىكىدەك كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ 1916 ـ يىلى رەسمىي بايانات ئېلان قىلىپ، سوتسىيالىستلار پارتىيىسىدىن چېكىنىپ چىققان ھەمدە ئاقىۋەت كېسەللىك ۋە قەرزنىڭ قوش بېسىمى تۈپەيلى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. 1916 ـ يىلى،

جېك لوندون ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرىدىكى باش قەھرىمان مارتىن ئېدىنگە ئوخشاش، روھىي جەھەتتىكى ئىنتايىن مەنىسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك ـ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

# 1

ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن مېلى جىلغىسىغا دوستۇم چولى فورروسانى يوقلاپ باراتتىم. ئۇنىڭ شۇ يەردە كىچىككىنە بىر تۇرالغۇسى بولۇپ، قىشنى شۇ جايدا ئۆتكۈزەتتى، باشقا ۋاقىتتا ئۇ يەردە تۇرمايتتى.

مېنىڭ چۈشكىنىم «مارتىنېر» ناملىق يېڭىدىن ياسالغان كېمە بولۇپ، بۇ كېمىنىڭ شاشالېدو بىلەن سان ـ فرانسىسكونىڭ ئارىلىقىدا قاتنىغىنىغا ئەمدىلا تۆت ـ بەش قېتىم بولغانىدى. دېڭىز قولتۇقى ناھايىتى تۇمانلىق بولۇپ، بۇنداق ھالەت بەك خەتەرلىك ھېسابلىناتتى، لېكىن قورقۇلۇقتا ياشاشقا كۆنۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ خەتەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلىشى تەس ئىدى. مەن ناھايىتى روھلۇق ھالدا كېمىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈمىنىڭ پالۇبىسىغا چىقتىم. ئەتراپنى تۇمان باسقان بولۇپ، مېنى بەكلا جەلپ قىلىۋالغانىدى.

— بۇگۈنكىدەك ناچار ھاۋا كىشىنىڭ بېشىنى بالدۇر ئاقارتىۋېتىدۇ، — دېدى كېمىدىكى بىر قىزىل يۈزلۈك ئەركەك. كېمە گۇدۇكى سەت چىرقىرايتتى، قېلىن تۇمان ئىچىدىن باشقا كېمىلەرنىڭ گۇدۇكىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇ. چۇن ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ھېلىقى قىزىل يۈزلۈك ئارقىسىنلا، — ۋاي ـ ۋۇي، بىر كېمە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ ناھايىتى تېز. لىك بىلەن بىزگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مېنىڭچە، شامالنىڭ تەتۈر يۆنىلىشتە چىقىشى سەۋەبى. دىن ئۇلار بىزنىڭ سىگنالىمىزنى ئاڭلىيالمىغان ئوخ. شايدۇ.

مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ كېمە بۆلۈمىگە قارىدىم. كاپىتان ناھايىتى جىددىيلىك بىلەن قويۇق تۇمانغا نەزەر سالاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى كەيپىياتى قىزىل يۈزلۈك ھەمراھىمنىڭكى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى.

بالا ـ قازا ناھايىتى تېز يېتىپ كېلىۋاتاتتى. تۇمان خۇددى شىنا قاقىقاندەك ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر كېمىنىڭ بېشى كۆرۈندى.

— چاپسان بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋېلىڭ. ھەرگىز قويۇۋەتمەڭ، ئاڭلاڭ، ئاياللارنىڭ نالىسىنى، — دېدى قى. زىل يۈزلۈك ناھايىتى ئازابلانغان ئاھاڭدا. ئۇ بۇرۇن دەل مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندەكلا سۆزلەۋاتاتتى.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئىككى كېمە سوقۇلدى. بىزنىڭ كېمىمىزنىڭ يان قىسمى زە. خىملەنگەندەك قىلاتتى، لېكىن مەن ۋەقەنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرەلمەي قالغانىدىم. «مارتىنېر» نامىلىق



كېمە ناھايىتى تېزلىك بىلەن قىڭغىيىشقا باشلىدى. ياغاچلارنىڭ قىسىلغان، سۇنغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن نەم پالۋىغا يىقىلىپ چۈشكەنىدىم. ئورنۇمدىن تۇرغىچە، ئاياللارنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك ئېچىنىشلىق نالىسى ئاڭلاندى. دەل مۇشۇ ئاۋاز مېنى قورقۇتۇپ گاڭگىرىتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە زادى قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئېسىمگە ئالالمىدىم.

بىئارام بولۇپ، قۇسقۇم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋالدىم. ئەتراپقا ئەلەڭ ـ سەلەڭ قاراشقا باشلىدىم، كىشىلەرنىڭ يىغا ـ زار، ئۇپۇر ـ تۇپۇر قىلىشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. قېيىقلارنى تالىشاتتى ۋە چۈشۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ئاياللار، باللار بىلەن توشقان بىر قۇتقۇزۇش قېيىقىنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈككە پۈرۈپكا ئورنىتىلمىغاچقا قېيىنققا سۇ كىرىپ كېتىپ ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى.

مەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى پالۋىغا چۈشتۇم. «مارتىنېر» ناملىق كېمە ناھايىتى تېزلىك بىلەن چۆكۈۋاتاتتى، كېمىگە سۇ كىرىشكە باشلىغانىدى. يولۇچىلار سۇغا سەكرەۋاتاتتى. سۇدىكىلەر بولسا كېمىگە چىقىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. مېنى قاتتىق قورقۇنچ باستى، مەنمۇ باشقىلارنىڭ كەينىدىن سۇغا سەكرىدىم. مەن سۇغا قانداق چۈشكەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم، لېكىن سۇغا

چۈشۈپ كەتكەنلەرنىڭ نېمىشقا كېمىگە چىقىۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى چۈشەندىم. سۇ ناھايىتى سوغۇق بولۇپ، جاندىن ئۆتەتتى. مەن خۇددى ئەزرائىلنىڭ قولىغا چۈ-شۈپ قالغاندەك ناھايىتى ئازابلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ئى-چىمگە كىرىپ كەتكەن قىرتاق سۇ نەپسىمنى قىس-ماقتا ئىدى. ئىككى پۇتۇم سېزىمىنى يوقاتتى. مەن ئەقلىمنى يوقاتقاندەك قىلاتتىم. مەن خۇددى ئاياللارغا ئوخشاش ۋارقىراپ - جارقىراپ تېپىچەكلەشكە باشلىدىم.

شۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر قاباھەتلىك چۈشتەك ئىدى. ئېسىمگە كەلگىنىمدە، نەچچە ئەسىر ئۆتكەندەك تۇيۇلدى. دەل شۇ چاغدا قويۇق تۇمان ئىچىدىن بىر كېمىنىڭ بېشى كۆرۈندى. كېمىنىڭ ئۈچ يەلكىنى شامالدا قاتتىق كۆپۈپ، بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ھېلىمۇ ياخشى كېمە مېنى بېسىپ ئۆتۈپ كەتمەي، ئۈستۈمگە سۇ چاچرىتىپ كېتىپ قالدى، مەن بار ئاۋازىم بىلەن ۋار-قىرىماقچى بولساممۇ ئاۋازىم چىقمىدى.

كېمە ئۆتۈپ كەتكەندە، مەن بىرىنىڭ كېمە رول-ىنىڭ يېنىدا سىگارت چېكىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، دولقۇنلار ئىچىدە مېنىڭ تۇرغانلىقىمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پالاقنىڭ سۇغا تەگكەن ئاۋازى ۋە بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئۇ ئادەم تاقەتسىزلىك بىلەن:

— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، نېمىشقا ۋارقىرىمايسەن؟ — دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ ماڭا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، شۇ چاغدا جېنىم چىقىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدىم.

## 2

مەن ئۆزۈمنى چەكسىز ئاسماندا تىنىمسىز پۇلاڭلاۋاتقاندەك سېزەتتىم، دېمىم سىقىلىپ، نەپەسىم قىيىنلىشىپ، كۆزلىرىمنى تەستە ئاچتىم. ئىككى كىشى يېنىمدا يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مېنى قۇتقۇزۇۋاتاتتى.

كېمە دېڭىز دولقۇنىدا توختىماي تەۋرىنىپ تۇرغاچقا، ئۆزۈمنى ئاسماندا ئېسىلىپ قالغاندەك ھېس قىلغان بولسام كېرەك. بىرى يىرىك قوللىرى بىلەن كۆكرىكىمنى قاتتىق ئۇۋۇلاۋاتاتتى. مەن ئاغرىققا چىدىماي مىدىرلىماقچى بولدۇم. قاتتىق سۈركىلىش سەۋەبىدىن دۈمبەمدىكى ئىنچىكە قان تومۇرلار يېرىلىپ قان چىقىپ كەتتى.

— ئەمدى بولدى، جون، — دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى، — بۇ ئەپەندىنىڭ تېرىسىنى سۈركەپ چۇشۇرۇۋەتكىنىڭنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

جون ئىسمىلىك بەستلىك كەلگەن سىكاندىناۋىيەلىك بۇ كىشى دۈمبەمنى سىيرىشتىن توختاپ، ئورنىدىن

تۇردى. سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، ئۇ لوندونلۇقتەك قىلاتتى، ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن كىشى بولۇپ، قىز باللارغا ئوخشايتتى. بېشىغا مەينەت بۆك كىيگەن، ئۇچىسىدىكى مەينەت كاناپ تاغاردەك چاپىنى ئورۇق كاسىسىغا كېلەتتى. بىر قاراپلا ئۇنىڭ كېمىنىڭ مەينەت ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئاشپەز ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى. قارىغاندا، مەن ئاشخانىدا ئوخشاي-مەن.

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئەپەندى؟ — دېدى ئاشپەز مۇغەمبەرلىك بىلەن ساختا ھىجىيىپ. مەن بەدىنىمنى ئازراق مىدىرلىتىپ، ئولتۇرماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلدۈردۈم. جونسون مېنى يۆلەپ قويدى. ئاشپەز سوغۇق كۈلگىنىچە، ھور چىقىپ تۇرغان بىر ئىستاكاننى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە:

— ئېلىڭ، بۇنى ئىچسىڭىز خېلى ياخشى بولۇپ قالىسىز. كېمىدىكى قەھۋە ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەل-تۈرسىمۇ، لېكىن سىزنى خېلى سەگىتىپ قويىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، جون ئەپەندىم، — دېدىم مەن، — سىز شۇنداق باتۇر ئىكەنسىز.

— ئىسمىم جون ئەمەس، جونسون، — دېدى ئۇ ساپ ئىنگلىز تىلىدا، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تۇتۇق ئىدى.

ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان

مۇلايىمغىنە ئىسىيانكارلىق، كەمتەرلىك ۋە باتۇرلۇق ماڭا ياقتى.

— رەھمەت سىزگە، جونسون ئەپەندىم، — دېدىم مەن سۆزۈمنى توغرىلاپ ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىپ. ئۇ قوپال قوللىرى بىلەن قولۇمنى قىزغىن ھالدا چىڭ سىقىپ قويدى.

— مەن ھازىر قەيەردە؟ — دېدىم مەن جونسوندىن، مەن ئۇنى ماتروس دەپ جەزملەشتۈرگەنىدىم.

— بۇ قانداق كېمە؟ قەيەرگە كېتىۋاتىدۇ؟

— فارارون ئاراللىرىدىن چىقىپ غەربىي جەنۇبقا كېتىۋاتىمىز، — دېدى ئۇ. قارىماققا ئۇ ئەڭ پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى.

— بۇ «ئالۋاستى» ناملىق يەلكەنلىك كېمە ياپونىيىگە دېڭىز يىلپىزى (تيۇلېن) ئوۋلىغىلى كېتىۋاتىدۇ.

— كېمە كاپىتانى كىم؟ مەن كىيىنىپ بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىمەن.

جونسوننىڭ چىرايىدا چۆچۈگەنلىك ئالامىتى ئەكس ئەتتى. ئۇ ئارىسالدى بولۇۋاتاتتى، ئۇ مۇۋاپىق سۆزلەرنى ئىزدەپ، مۇكەممەل جاۋاب بەرمەكچىدەك قىلاتتى.

— كاپىتانىمىز دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى شۇنداق ئاتىشىدۇ. بىزمۇ ھازىرغىچە ئۇنىڭ باشقا ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە مۇلايىمراق بولۇڭ. ئۇنىڭ

بۈگۈن ئەتىگەندىلا ساراڭلىقى تۇتتى، كاپىتاننىڭ باش ياردەمچىسى....

ئاشپەز جونسوننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋەتتى ۋە ماڭا:

— بوۋاي سىزنى پالوبىغا چىقسۇن دېدى، بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

مەن كېمە پالوبىسىغا كەلدىم، مەن بىلەن ھېچ ـ كىمنىڭ كارى بولمىدى. كېمە بۆلۈمچىسىنىڭ قاپقىقى ئۈستىدە بىر ئۇزۇنتۇرا ئوڭدىسىغا ياتاتتى، بىر ماتروس ھە دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چېلەك بىلەن سۇ چېچىۋاتاتتى.

كىرىش ـ چىقىش ئېغىزىدا سىگارت چىشلىۋالغان قوپال بىر ئادەم ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. دەل شۇ كىشى مېنى كۆرۈپ قېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بويى تەخمىنەن بەش فۇت ئون دىيۇيم بولۇپ، ناھايىتى تەمبەل كىشى ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىسىنى كۆتۈ ـ رۈپ قويۇشلىرى، تاماكىسىنى چىشلەشلىرى، ھەربىر پارچە مۇسكۇلىنىڭ ھەرىكەتلىنىشىدىنمۇ بىر خىل كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قارىماققا ناھايىتى كۈچتۇڭگۈردەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەربىر ھە ـ رىكىتى ئۇچۇن كەتكەن كۈچ ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ ئازراق بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت ھەرقاچان پارتلايدىغاندەكلا

قىلاتتى.

ئاشپەز ئاشخانا ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ، ماڭا پەلەمپەي ئالدىدا تۇرغان ئادەمنى ئىما قىلدى. مەن ئاشپەز «بوۋاي» دەپ ئاتىغان ھېلىقى كىشىنىڭ دەل شۇ كاپىتان ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

كىشىلەر دېڭىز بۆرىسى دەپ ئاتايدىغان بۇ كاپىتان مېڭىشتىن توختاپ، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى ئادەمگە ئېڭىشىپ قاراشقا باشلىدى. كىشىنى چۆچۈتىدىغان ئىشلار شۇنىڭ بىلەن باشلىنىپ كەتتى، كاپىتان ھېلىقى ئادەمنى قاتتىق تىللىغىلى تۇردى. سەت تىللار ئۇنىڭ ئاغزىدىن پىلموتتەك ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سەت تىل ـ ئاھانەتلىرى ئۈزۈلمەي تۆكۈلەتتى. مېنىڭ قىياسىمچە، ھېلىقى ئادەم كاپىتاننىڭ باش ياردەمچىسى بولۇپ، ئۇ كېمە سان ـ فرانسىسكودىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بۇزۇقچىلىق قىلغان ئىكەن. سەپەر ئەمدىلا باشلانغاندا جېنىنى سېلىپ بېرىپ، دېڭىز بۆرىسىنى قول ـ قانىتىدىن ئايرىپ قويۇپتۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، ئۆلۈم ئەزەلدىنلا دەبدەبىلىك، ئىززەتلىك بولۇشى، ئادەم ئۆلۈم ئالدىدا جىمجىت كېتىشى، دېڭىز مۇراسىملىرى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىرقىدەك ئاھانەتلىك، قورقۇنچلۇق ئۆلۈمنى مېنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى.

باش ياردەمچى ئۆلگەندىن كېيىن، كېمە خادىملى-
رىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. دېڭىز بۆرىسى
كېمىدىكى ماتروسلارنى باش ياردەمچىلىككە، ئاشپەزلەر-
نى ماتروسلۇققا ئۆستۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قارايتتى.
ئۇنىڭ دېيىشىچە، مېنىڭ بۇ يۇمران قوللىرىم چىنە-
قاچا يۇيۇش ۋە ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى قىلىشتىن
باشقىغا يارىمايدىكەن. شۇڭا ئۇ مېنى چايخانىدا ئىش-
لەشكە بۇيرۇدى.

مەن كېمىدە قېلىشنى خالىمايتتىم، ئاشپەز گې-
ئورگې رېچىنىڭمۇ ماتروس بولغۇسى يوق ئىدى.

— مەن ماتروس بولۇشقا توختاملاشمىغان، خوجا-
يىن، — دېدى رېچ دېڭىز بۆرىسى رېسسىنگە، — مەن
ئاشخانىدا ئىشلەش توغرۇلۇق توختام تۈزگەن، كېمىدە
پالاق ئۇرۇشقا خوشۇم يوق.

— تېز بېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يىغىشتۇر،
تېز بار، — دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ بۇيرۇقى كە-
شىنى چۆچۈتكۈدەك سۈرلۈك ئىدى. بىراق ھېلىقى يە-
گىت ھوميىپ قويۇپ، مىدىرلاپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ
بىلەن دېڭىز بۆرىسىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى تېشىغا تەپتى.
مېنى تاڭ قالدۇرغىنى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىككى
سېكۇنت ئىچىدە ئاخىرلاشقانلىقى بولدى. ئۇ پالۋىنىدا
نەقمۇنەق ئالتە فۇت سەكرەپ، ھېلىقى بالىنىڭ قور-
سىقىغا بىر مۇشت ئاتتى. ئېغىرلىقى 165 قاداقتىن

ئاشىدىغان ھىلىقى ئاشپەز تۇگۇلۇپلا قالدى. ئۇنىڭ تېنى خۇددى ھۆل لاتىنى تاياقنىڭ ئۇچىغا ئىسىپ قويغاندەك دېڭىز بۆرىسىنىڭ مۇشتىغا ئىسىلغانىدى. ئۇ كۆككە ئۇچۇپ چىقىپ ياي ھاسىل قىلىپ، پالۇبىغا يىقىلىپ ۋايساشقا باشلىدى.

بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ سەنتۇرۇلگە-نچە ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. ئۇنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن قاتتىق قىينىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي رىچ، ئالدىنقى بۆلۈمگە بېرىشقا رازىمۇ-سەن؟ — دەپ سورىدى دېڭىز بۆرىسى رىيسىمىن.

— شۇنداق، خوجايىن، — ئىغىر دەپسەندە قىلىنغان روھنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى دېڭىز بۆرىسى مەندىن.

— سىزگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت، — ئەمدىلا ئې-غىز ئېچىشىمغا، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى:

— بىلجىرلىما! ئاشپەز بولامسەن ياكى مەن سېنى كۇتەيمۇ؟

قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دەھشەتلىك دۇمبا يېيىـ-شىم ياكى رەھىمسىز تاياق ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. بۇ ماڭا ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

— قانداق قىلىسەن؟

— شۇنداق بولسۇن، خوجايىن، — دېدىم مەن.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— خېمپولل ۋان ۋېيدېن.

— نەچچىگە كىردىڭ؟

— 35 كە، خوجايىن.

— ئەمدى بولدى. ئاشپەزنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇ-نىڭدىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىڭنى ئۆگىنىۋال.

شۇنداق قىلىپ، مەن ئىلاجىسىز دېڭىز بۆرىسىنىڭ قولىغا ئايلاندىم. ئۇ مېنىڭدىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ھەممىنى بەلگىلەيتتى. لېكىن ئەينى چاغدا، ماڭا خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلغانىدى. ھازىر ئويلىسامۇ شۇ چاغلار خۇددى چۈشۈمدىكىدەك بىلىنىدۇ.

3

شۇنىڭدىن تارتىپ مەن «ئالۋاستى» ناملىق دېڭىز يىلپىزى ئوۋلاش كېمىسىدە يېڭى مۇھىتقا كۆنۈشكە تىرىشتىم. كېچە ـ كۈندۈز خورلۇق ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆتتۇم. ئاشپەز ھازىر ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. سالاھىيىتىمنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسىمۇ ئۆزگەرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى بىچارە، ناكەسلىكى تەكەببۇرلۇق، سوقۇشقاقلىق بىلەن ئالماش-قانىدى. ئۇنىڭ مېنى ئىشقا بۇيرۇغاندىكى تەكەببۇر قى-ياپىتىگە چىدىماي قالدىم. مەن تۆت كىچىك خانىسى

بار بۆلۈمچىدە ئىشلەشتىن سىرت، ئاشخانىدا يەنە ئۇنىڭ چاكىرى بولاتتىم. ياخشى ئاقلاشنى بىلمەسلىكىم، ماي يۇقى قازانلارنى يۇيالماسلىقىم ئۇنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىشىغا ناھايىتى ياخشى دەستەك بولدى. مەن ھازىر-غىچە بىرەر كىشىگە ئۇنىڭغا ئۆچ بولغاندەك ئۆچ بولۇپ باققان ئەمەس، لېكىن ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا بىر كۈندىلا ئىنتايىن ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

بىرىنچى كۈنىلا جاپا ـ مۇشەققەتنى يەتكۈدەك تارت-تىم. «ئالۋاستى» ناملىق كېمە يەلكەنلىرىنى چۇشۇرۇپ، ئاشپەز ئېيتقان «دەھشەتلىك شەرقىي جەنۇب بورىنى» ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. سائەت بەش يېرىمدا مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كېمە بۆلۈمچىسىدىكى ئۇستەللەرنى رەتلەشكە، دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە ئىشلىتىدىغان تېيىز تەخسىلەرنى تىزىپ، چاي ۋە تەييار بولغان تاماقلارنى ئاشخانىدىن ئېلىپ چىقىشقا باشلىدىم، بىر قولۇمغا چەينەك، قولتۇقۇمغا يېڭى پىشۇرۇلغان بىرنەچچە پارچە بولكىنى قىستۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىشىمغا، ئاشپەزنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كەلدى، تېز قاچ!

مەن نېمىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقالماي جايىمدا توختاپ قالدىم ـ دە، ئاشخانا ئىشىكىنىڭ «گۇپ» قىلىپ يېپىلىپ قالغانلىقىنىلا ئاڭلىدىم. غايەت زور دېڭىز دولقۇنى كېمە سالاسۇنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ مېنىڭ

بېشىمغا كېلىپ قالغانىدى. مەن قورقىنىمدىن جايىمدا قىمىر قىلالماي قالدىم. شۇ چاغدا دېڭىز بۆرىسى رېسـ ـسىنىڭ كېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى پالوبىدا تۇرۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— چاققان بىرنەرسىنى تۇتۇۋال، ھەي، خېمپولل!

لېكىن كېچىككەنىدىم. مەن ئارقاننىڭ يېنىغا سەكرەپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالسام بولاتتى، لېكىن دەل شۇ چاغدا ئۆرۈلگەن دېڭىز دولقۇنىنىڭ ئىچىدە قالدىم. سۇ ئىچىدە نەپەس ئالالماي قېلىپ، پۇتلىرىم يەرگە تەگمەي قالدى. دولقۇن مېنى قانداقتۇر بىر يەرلەرگە ئۇراتتى.

سۇ مېنى ئېقىتىپ ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى. ئاغـ ـدىن پەلەمپەي ئاغزىدىن ئايلاندۇرۇپ، سۇ چىقىرىۋېتىش تۆشۈكىگە ئەكېلىپ ئۇردى. ئوڭ تىزىم قاتتىق ئاغرىۋا- تاتتى، قارىغاندا پۇتۇم سۇنغان ئوخشايدۇ. ئاشپەز كەيـ ـنىمدىكى ئاشخانىنىڭ ئىشىكى يېنىدا تۇرۇپ ۋارقىرىـ ـدى:

— ھەي، ئۇ يەردە يېتىۋېلىپ دوملاۋېرەمسەن، چۆگۈن قېنى؟ كېمىنىڭ سىرتىغا ئېتىۋەتتىڭمۇ ـ يا؟ بوينۇڭ ئۈزۈلۈپ كەتسە تازا ياخشى بولاتتى!

مەن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئاران ئورنۇمدىن تۇردۇم. يارىلانغان تىزىم تىڭىلمىغان بولغاچقا، مېنى بىرنەچچە ئايغىچە ئازابلىدى. ئىشتاننىڭ سىرتىدىن

سىلاپ بېقىپلا تىزىمىنىڭ بارغانسېرى ئىششىپ كېتە-ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايتتىم. قاتتىق ئاغرىق دەستى-دىن ھوشۇمدىنمۇ كېتەتتىم. كېمىدىكىلەرنىڭ ئەھۋا-لىمنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇلار ھېچنېمە دېمەيتتى، كۆڭۈلمۇ بۆلمەيتتى. بىراق مەن ئۇلار ئۇچۇن ئادىل سۆزلەشنى لايىق كۆردۇم، ئۇلار مې-نىڭ ئازابلىرىم بىلەن كارى بولمىغاندەك، شۇ ئازابلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلسىمۇ قىلچە ۋايسىمايتتى. چۇنكى بۇنداق ئىشلار ئۇلارغا ئادەت بولۇپ كەتكەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار تۇغۇلۇشتىنلا ئانچە سەزگۈر بولمىسا كېرەك. نېرۋىسى زىيادە سېزىمچان مەندەك ئادەمنىڭ مۇشەققەت تارتقاندا ئۇلاردىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئا-زابلىنىدىغانلىقىمغا شەكسىز ئىشىنەتتىم.

كەچتە ئىشتىن بوشىغاندا، مەن كېمە بۆلۈمچىسى-دىكى كارىۋىتىمدا يېتىپ خىيالغا كېتەتتىم. ئەجەب قىزىق، مەندەك بىر ئەدىب، سەنئەتخۇمارنىڭ بېرىن بو-غۇزىدا دېڭىز يىلپىزى ئوۋلايدىغان كېمىدە يېتىشنى كىممۇ ئويلىغان، يەنە تېخى كۇتكۇچى بولۇپ دەڭا؟! مەن ئۆمرۈمدە قارا ئىش ياكى ئاشخانا ئىشلىرىنى قىلىپ باقمىغانىدىم. تىپتىنچ، ئازادە، مۇقىم كىرىملىك تۇر-مۇشقا كۆنۈپ قالغانىدىم. مەن ئەزەلدىنلا قاتتىق ھەر-كەت ۋە تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قىزىقمايتتىم. كىتاب بىلەنلا ھەپىلىشەتتىم. لېكىن بۇ يەردە بولسا ئۇستەللەرنى

تىزىش، ياغىيو ئاقلاش، تەخسە يويۇشتەك تۈگىمەس ئىشلار ماڭا قاراپ تۇراتتى. بۇنداق ئىغىر تۇرمۇشقا زادىلا كۆنەلمەيۋاتاتتىم، شۇ چاغدا «ئالۋاستى» ناملىق يەلكەنلىك كېمە ئاسمان ـ پەلەك دولقۇنلار ئارىسىدىن يول تېپىپ، تىنچ ئوكياننىڭ مەركىزىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

بوران ـ چاپقۇننىڭ گۇركىرىگەن ئاۋازى قۇلىقىمغا كىرەتتى، بۇ ئاۋازلار خۇددى قەپەسكە چۈشكەن يىرتقۇچ هايۋاننىڭ هۆركىرىگىنىگە ئوخشايتتى. ئۇۋچىلار خۇددى قوش ماكانلىق يىرتقۇچلاردەك توختىماستىن هۆركىرەيتتى، ئەسەبىيلىشەتتى. كېمىدە سەت تىللار، قارغىشلار يېغىپ كەتتى. قېلىن تۇمانلار ئارىسىدىكى بۇ جاي قارىماققا هايۋانات باغچىسىدىكى هايۋانلارنىڭ كامىرىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. كىلىيونكىدىن تىكىلگەن شىم ـ چاپانلار ۋە قونچلۇق ئۆتۈكلەر پۈتۈن تامغا ئېسىۋېتىلگەن بولۇپ، هەممە جايدا ئۇۋ مىلتىقلىرى تىزىلغان جازىلار بار ئىدى. بۇ قەدىمكى زامانلاردىكى دېڭىز ئوغرىلىرى ۋە دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ دېڭىزدىكى سەهنىسى بولغان جايلار ئىدى. مېنى قالايمىقان خىياللار چۇلغىۋالغان بولۇپ، زادىلا ئۇيقۇم كەلمەيتتى. زېرىكىشلىك ئۆزۈن كېچىلەرنىڭ ئايىغى چىقمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

## 4

بىر كۈنى سەھەردە مەن ئاشپەزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دېڭىز بۆرىسى رېسىنىنىڭ ھۇجرىسىنى يىغىشتۇردۇم. كارىۋاتنىڭ بېشىغا لىق كىتاب تىزىلغان كىتاب جاۋىنى قويۇلغانىدى.

شېكىسپىر، دىنسون، بۇخېد كونىشلارنىڭ كىتاب-لىرىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە پەن ـ تېخنىكا كىتابلىرىمۇ بار بولۇپ، دىندال، بىروكود ۋە دارۋىنلارنىڭ ۋەكىللىك ئە-سەرلىرى بار ئىدى.

كىتابلارنىڭ تولىسى ئاسترونومىيە، فىزىكىغا دائىر كىتابلار بولۇپ، مەن يەنە بارفېنىنىڭ «مەسەل دەۋرى»، شورتىنىڭ «ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخى» ھەمدە يوھانسونىنىڭ ئىككى توملۇق مەشھۇر ئەسىرى «تەبىئەت تارىخى» نىمۇ كۆردۈم. يەنە نۇرغۇن گراماتىكا كىتابلىرى بولۇپ، «ئوقۇغۇچىلار نازارەتچىلىكىگە دائىر ئىنگلىز تىلى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇ-ۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم.

مەن بۇ كىتابلار بىلەن مەن كۆرگەن بۇ ئادەمنى بىر ـ بىرىگە باغلاشقا ئامالسىز ئىدىم. ئۇنىڭ بۇ كى-تابلارنى ئوقۇغان ياكى ئوقۇمىغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

بىراق مەن يوتقان ـ كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، يوتقاننىڭ ئىچىدىن كامبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتى تۈزگەن «بىرانىنىڭ توپلىمى» نى كۆرۈپ قالدىم. بۇ كىتابنىڭ ئۇ ئۇيقۇغا كەتكەندە چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ، «پېشايۋاندا» دېگەن شېئىرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بەلگە قىلىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن داۋالغۇغاندا شېئىرلار توپلىمى يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، بىر پارچە قەغەز ئۇچۇپ چۈشتى. قەغەزگە گېئومېتىرىك شەكىللەر ۋە بەزى ھېسابلاشلار لىق توشقانىدى.

شۇنىڭدىنلا بۇ ۋەھشىي ئادەمنىڭ دۆت ـ كالۋا ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولاتتى. بىراق ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكىنى كۆرۈپ ھەرقانداق كىشى ئۇنى ۋەھشىي، تومپاي ئادەم دەپ قارايتتى. توساتتىنلا ئۇ مەن ئۈچۈن يېشىلمەس تېپىشماق بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى خىل تەربىيىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىكى ئازراق كەمچىلىكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ تىلىنىڭ ناھايىتى پاساھەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىم. ئەلۋەتتە ئۇ ماترۇس، ئوۋچىلار بىلەن سۆزلەشكەندە، تىلىدا نۇرغۇن خاتالىقلارنى سادىر قىلاتتى. لېكىن بۇ قارا تىلنىڭ ئۆزىدىكى خاتالىق بولۇپ، مەن بىلەن سۆزلەشكەندە تىلى ناھايىتى ئېنىق ۋە توغرا چىقاتتى.

مەن ئۇنىڭ يەنە بىر تەربىيىنى كۆرۈپ يەتكىنىمدە،

يۈرىكىم يوغىناپ، پۇلۇم يېتىپ كەتكەن تىمسىنى، توسىدىغا ئېيتىمىش قارارىغا كەلدىم.

— پۇلۇم يېتىپ كەتتى، خوجايىن، — دېدىم مەن.

— قانداق بولۇپ؟ — سورىدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن كىيىمىمنى ئاشخانىدا قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويغاندا پۇلنىڭ يوقالغانلىقىنى، كېيىن بۇ ئىشنى ئاشپەزگە ئېيتقىنىمدا، ئۇنىڭ مېنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم.

ئۇ ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، كەسكىنلىك بىلەن:

— پۇلۇڭنى ئوغرى ئېلىپتۇ، ئاشپەز ئوغرىلاپتۇ. سېنىڭ ئاشۇ جېنىڭ شۇنچىلىك پۇلغا ئەرزىمەمدۇ؟ سەن بۇنى بىر خىل ساۋاق دەپ بىلگىن، شۇندىلا سەن ئۆزۈڭنىڭ مال ـ دۇنياسىنى قانداق قوغداشنى ئۆگىنەلەيسەن. قىياسىمچە، بۇنداق ئىشلىرىڭنى بۇرۇن ئادۋوكاتنىڭ ياكى ۋاكالەتچىڭ قىلاتتىغۇ دەيمەن!

مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن بىر خىل سوغۇق مەسخىرە ھېس قىلدىم. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن:

— پۇلۇمنى قانداق قايتۇرۇۋالايمەن؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، پۇل تاپقان ئىكەنسەن، ئۇنى چىڭ ساقلىشىڭ كېرەك. سەن پۇلنى قالايمىقان تاشلاپ قويۇپ يىتتۈرۈۋەتكەن بولساڭ خوپ بوپتۇ. بىراق سەنمۇ خاتالىق سادىر قىلدىڭ. ھەمراھلىرىڭنى ئازدۇرمىساڭ

بولاتتى. سەن ئاشپەزنى ئازدۇردۇڭ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالال-ماي قالدى. سەن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك روھىنىڭ ۋىجدان ئازابى تارتىشىغا سەۋەبچى بولدۇڭ. ھەي، سەن روھنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟

— مەن كۆزلىرىڭىزدىن مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقى-نى كۆرگەندەك بولدۇم، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— ئۇنداقتا، زادى قانداق بولىدۇ؟ — ئۇ قايتۇرۇپ سورىدى مەندىن، — مۇبادا مەڭگۈلۈك بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟

مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. مەن بۇ ئادەمگە ئۆزۈمنىڭ غايىچى ئىكەنلىكىمنى، ئۆزۈم ئىشىنىدىغان، لېكىن تىل ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بەر-گىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى قانداق چۈشەندۇرۇپ بەر-سەم بولار؟

— ئۇنداقتا، سىز نېمىلەرگە ئىشىنىسىز؟ — قاي-تۇرۇپ سورىدىم.

— ھاياتلىقنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ دەررۇ، — ھاياتلىقلار ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغى ياكى ئېنزىمغا ئوخشاش ھەرىكەتلىنىپ تۇ-رىدىغان نەرسە، بەزىلىرى بىر مىنۇت، بىر سائەت، بىر يىل ياكى يۈز يىل ياشىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئاخىردا يەنىلا ئۆلىدۇ. ئۇلار چوڭلىرى كىچىكلىرىنى يېيىش ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

كۆچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى يېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرد-
نىڭ كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ. تەلىيى ئوڭلار كۆپرەك
يەپ، ئۆزاقراق ياشايدۇ. ھاياتلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق
بولىدۇ.

## 5

جونسون ئىككىمىز 6 دىن 8 گىچە ئىككى سائەت-
لىك ئىسمىنىدا دىجورنىلىق قىلىۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇ
ماڭا «ئالۋاستى» ناملىق كېمە توغرىسىدا بەزى نەرسە-
لەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، «ئالۋاستى»
ناملىق كېمە 80 توننا يۈك كۆتۈرەلەيدىغان يەلكەنلىك
كېمە بولۇپ، كېمىنىڭ كەڭلىكى 90 فۇتتىن ئارتۇق،
كېمىنى مۇستەھكەم قىلىپ تۈرغىنى ناھايىتى ئالاھىدە
ياسالغان كىل ئىكەن. بۇ كېمە سان ـ فرانسىسكو بىلەن
ۋېكتورىيە كېمە ئەترەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ تېز يۈرد-
دىغان كېمە ئىكەن. كېمىدە يەتتە دانە قولۋاق بولۇپ،
ھەربىر قولۋاقتا ئۈچ كىشى — بىر ئوۋچى، بىر پالاقچى،
بىر رولچى بار ئىكەن. جونسون بەزىلەرنىڭ ئاتنى ياخشى
كۆرگىنىدەك كېمىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، لې-
كىن ئۇ ئىستىقبالىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. مەن شۇ
چاغدىلا دېگىمىز بۆرىسى رېسىنىنىڭ دېگىمىز يىلپىزى
ئوۋلايدىغان كېمە خوجايىنلىرى ئىچىدىكى سىېسىق نامى

پۇر كەتكەن ئەلڭ ئەسكىسى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. «ئال-ۋاستى» ناملىق كېمە جونسوننى جەلپ قىلغاچقا، بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرى توختامىنى تۈزگەنىكەن. لې-كىن ھازىر ئۇ پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى.

مەن يەنە لۇئى ئىسىملىك بىر ماتروس بىلەنمۇ تونۇشۇپ قالدىم. ئۇ دوغىلاق، كۆلۈپلا تۇرىدىغان ئىرېلاند-دىيىلىك بولۇپ، مىجەزى ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇ 10 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇدا دېڭىز يىلپىزى ئوۋلاشقا چىقىۋاتقان، دېڭىزچىلار ئېتىراپ قىلىدىغان ئەلڭ ياخشى ئىككى-ئۈچ رولچىنىڭ بىرى ئىدى. بىر كۈنى چۈش-تىن كېيىن مەن تۇگىمەس ياڭيۇلارنى ئاقلاۋاتقاندا، ئاشپەز ئاستىنقى بۆلۈمدە ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇ مەن بىلەن ئەھۋاللىشىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىردى.

— ھەي بالاموي، — دېدى ئۇ مەنىلىك قى-لىپ، — سەن ناھايىتى ناچار كېمىگە چىقىپ قاپسەن، دېڭىز يىلپىزى ئوۋلايدىغان باشقا كېمىلەر بولسا مات-روسلارنىڭ جەننىتى، مېنىڭ سۆزۈمنى قۇلىقىڭدا چىڭ تۇت. سەپەر تۈگەشتىن بۇرۇن يەنە تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئۆلىدۇ. رېسسىن دېگەن بۇ دېڭىز بۆرىسى سىپى ئۆزد-دىن ئالۋاستى. بۇ كېمە دەل ئۇنىڭ قولىدىكى دوزاختۇر. ئىككى يىل بۇرۇن ئۇ خاكوداتې① دە باشقىلار بىلەن ئۇرۇ-شۇپ قېلىپ، قول ئاستىدىكى تۆت ئادەمنى ئېتىۋەتكەن.

① خاكوداتې — ياپونىيىنىڭ خوككايدو ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى بىر پورت.

شۇ يىلى يەنە بىر مۇشت بىلەن بىر ئادەمنىڭ مېڭە-سىنىڭ قېتىنقىنى چىقىرىۋەتكەن. بۇ دېڭىز بۆرىسى «تەۋرات» تا ئېيتىلغان بەھەيۋەت يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ دەل ئۆزى، ئۇ ئەزەلدىن ياخشى ئىش قىلىپ باققان ئەمەس. لېكىن شۇنى ئېسىڭدە تۇت، مەن ساڭا ھېچنېمە دېمە-دىم. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم. مەن دېڭىز سەپە-رىنى ساق-سالامەت تۈگىتىشنى خالايمەن. ناۋادا ئۇ دېڭىزدا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسا، — دېدى ئۇ بىردەم توختىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دې-ڭىز بۆرىسى دېگەن سۆزۈمنى ئاڭلا ئوغلۇم، ئۇ بىر چىلبۆرە، ئۇ باشقا ۋىجدانسىز ئادەملەرگە ئوخشمايدۇ. ئۇنىڭدا ۋىجدان، كۆڭۈل دېگەن نەرسىلەر ئەسلا يوق. ئۇ چىلبۆرىنىڭ نەق ئۆزى. ئۇنىڭ لەقىمىنىڭ ناھايىتى جايىدا قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىڭمۇ؟

جونسون مەن كېمىگە چىققاندا مېنىڭ كۆكرى-كىمنى سۈرتۈپ قانتىۋەتكەن ھېلىقى كىشى بولۇپ، ئۇ قارىماققا كېمىدىكى باشقا كىشىلەرگە زادىلا ئوخشى-مايتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تۈز كۆڭۈل-لۈكى، مەردلىكىگە ھەيران قېلىشاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى باتۇرلۇق بىلەن قوغدايتتى، ئۆزىگە ئىشە-نەتتى. لۇئىمۇ ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىگە يۇقىرى باھا بەر-دى:

— يوغان باش جونسون ناھايىتى ياخشى ئادەم. ئۇ

ئالدىنقى بۆلۈمدىكى ئەڭ ياخشى ماتروس، مېنىڭ ياخشى پالاقچىم. كېيىن ئۇ دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىلەن چوقۇم قاتتىق تۇتىشىدۇ. مەن ئۇنىڭ غەزىپىنىڭ ئۆرلەپ، سەۋر قاچىسىنىڭ توشاي دەپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن قېرىنداشلارچە سۆزلەشكەندىم، ئۇ بالا ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشنى، ساختىلىق قىلىشنى بىلمەيدىكەن. بىرمەرنەرسە كۆڭلىگە ياقمىسا شۇئان تېپىدىكەن. بۇنداق سۆزلەرنى پەسكەش چېقىمچىلار دېڭىز بۆرىسىگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ.

— دېڭىز بۆرىسى بەك يولسىز بىرنېمە، بۆرە دېگەن كۈچ ـ قۇدرەتكە چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ كېلىدۇ. دېڭىز بۆرىسى جونسوندىكى كۈچ ـ قۇدرەتنى — تىز پۈكمەيدىغان كۈچ ـ قۇدرەتنى كۆرۈپ يەتتى. تىل ئىشتىپ، تاياق يېسىمۇ، ئۇ «خوجايىن، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت» دېمەيدۇ. بوۋاي ئۇنى جون دەپ چاقىرغاندا، ئۇ ئەخمەقنىڭ «مېنىڭ ئىسمىم جونسون» دەپ ئىسمىنى بىر ھەرپ ـ بىر ھەرپتىن تەلەپپۇز قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانسەن. شۇ چاغدىكى بوۋاينىڭ چىرايىغا دىققەت قىلدىڭمۇ؟ مەن ئۇنى شۇ مەيداندىلا جونسونغا ھۇجۇم قىلىدۇ دېگەنىدىم، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. بىراق ئۇ بەرىبىر جونسونغا قول سالىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، مەن قولىقىمنى

كىسىۋېتىمەن.

كەچلىك تاماقتىن بۇرۇن ناھايىتى ئىچىنىشلىق ۋەقە يۈز بەردى: ماترۇسلارنىڭ ئىچىدە تەقى ـ تۇرقى ئادەتتىكىدەك بىر يېزىلىق بالا بولۇپ، ئىسمى خارسون ئىدى. مېنىڭ قىياسىمچە، ئۇ تەۋەككۈل قىلىش نىيىتىدە بىرىنچى قېتىم دېڭىز سەپىرىگە چىققانىدى. يۆنىلىشى مۇقىم بولمىغان ئاجىز شامالغا يولۇققاندا، يەلكەنلىك كېمىلەر كۈچلۈكرەك شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئىلگىرىلەيتتى. شۇنداق چاغلاردا يەلكەننى بىر ياقتىن يەنە بىر ياققا بۇراشقا توغرا كېلەتتى، بىرسى چىقىپ ئالدىنقى ئوتتۇرا يەلكەننىڭ يانتۇ خادىسىنى ئايلاندۇراتتى. خارسون يامىشىپ چىققاندا، نېمە سەۋەبتىنكىن يەلكەن بېغى غالتەك ئارقىلىق سىيرىلىپ ماچتىنىڭ يانتۇ خادىسىنىڭ ئۇچىغا بېرىپ قېلىپ، غالتەككە قىسىلىپ قاپتۇ، مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇنى ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولاتتى. بىرى، بىرقەدەر ئاسان ھەم بىخەتەر ئۇسۇل بولۇپ، ئالدىنقى يەلكەننى چۈشۈرۈش ئىدى. ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئەڭ ئېگىز چۈشۈرگۈچنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ماچتىنىڭ يانتۇ خادىسىغا يامىشىش ئىدى.

يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش ياردەمچى يوھانسېن خارسوننى چۈشۈرگۈچكە يامىشىشقا بۇيرۇدى. ھەممىمىز

بالىنىڭ قورقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتۇق. دېمىسىمۇ پالوبىدىن 80 فۇت ئېگىزلىكتە تارتىلغان ئىنچىكە ئارقانلارنى دەسسەپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا ئادەمنى قورقۇتماي قالمايتتى. «ئالۋاستى» ناملىق كېمە داۋالغۇپ تۇرغاچقا، ھەر قېتىم داۋالغۇغاندا يەلكەن بىر يىغىلىپ، بىر كۆپەتتى. چۇشۇرگۇچ ئارقانمۇ بىر چىڭىپ، بىر بو-شايتتى. شۇنداق چاغدا ئارقان ئادەمنى خۇددى چىۋىن قورۇغاندەك ئېتىپ چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

خارسون بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزى-نىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئىككى-لىنىپ قالدى. دېڭىز بۆرىسى رېسىنىنىڭ زومىگەرلى-كىنى يۇقتۇرۇۋالغان يوھانسېن خارسوننى تىل ـ ھاقا-رەتكە كۆمۈۋەتتى.

مەن ئاشخانا ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ يۇقىرىغا قارى-دىم. خارسون چىقىرىش ـ چۈشۈرۈش ئارغامچىسى ئار-قىلىق يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى بەزگەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك توختىماستىن تىترەيتتى. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەيتتى ۋە كۆك ئاسمان ئاستىدا توردا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقان يوغان ئۆمۈچۈككە ئوخشاپ قالغانىدى.

بۇ چاغدا شامالمۇ بوش چىقىۋاتاتتى، يۆنىلىشىمۇ مۇقىم ئەمەس ئىدى. شامال يەلكەننى كۆپتۈرەلمىگەنىدى.

يەلكەندە شامال بولمىغاچقا، ماچتىنىڭ يانتۇ خادىسى توختىماستىن پۇلاڭلايتتى. چىقىرىش - چۇشۇرۇش ئارغامچىسى بوشاپ كەتكەن شۇ دەقىقىدە، مەن ئارقاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا تۆۋەنگە سىيرىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئارقىدىنلا ماچتىدىكى يانتۇ خادا بىر تەرەپكە قىڭغايدى - دە، ئۈچ تال يەلكەن ئارغامچىسى يەلكەنگە قاتتىق ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. چىقىرىش - چۇشۇرۇش ئارغامچىسى دەرھال چىگىشىغا ئۇنىڭ بىر قولى ئارغامچىدىن بوشاپ كەتتى، لېكىن ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن چىڭ تۇتۇشقا تىرىشاتتى. لېكىن يەنە بىر قولىمۇ بوشاپ كەتتى - دە، تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. قانداق بولغانلىقىنى مەنمۇ تۇيماي قالغانىدىم، ئۇ ئىككى پۇتى بىلەن ئارغامچىغا بېشى تۆۋەن ھالدا ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئۇ تىرىشىپ ئاران دېگەندە ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىۋالدى، ھەي بىچارە!

بىراق يوھانسېن يەنىلا ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىشىنى تۈگىتىشكە قىستايتتى.

— ھوي يۈزسىز! — دېدى جونسون مەندىن توققۇز ئىنگلىزچىسى يىراقتىكى ئاساسىي ئارغامچىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، — بۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بالا، ئەگەر پۇرسەت بولسىلا ئۇ ئۆگىنەلەيدۇ. لېكىن بۇ بىر...، — ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى ئۇ «بۇ بىر قاتىللىق» دېمەكچى ئىدى.

— ئۇنىڭغا قاراڭ، — دېدى ئوۋچى ستاندى دېڭىز بۆرىسى رېسسىنگە، — ئۇ مېنىڭ پالاقچىم، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق.

— شۇنداق، ستاندى، — دېدى دېڭىز بۆرىسى، — ئۇ سېنىڭ قولۇڭدا پالاقچى بولسىمۇ، ئۇنى مەن يالىغان، ئۇ مېنىڭ ماتروسۇم. مەن ئۇنى قانداق قىلغۇم كەلسە شۇنداق قىلىمەن، ئەگەر خالىسام ئۇنى شورپا قىلىپ ئىچىۋېتىمەن.

خوجايىنلار (ئوۋچى بىلەن كاپىتان) نىڭ ئىچ - باغرى خۇددى تاش بىلەن تۆمۈردىن پۇتۇلگەندەك قىلاتتى، ئۇلار ئىمتىيازىغا قاراپ باشقىلارنىڭ ھاياتىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلاتتى. قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن بۇ دۇنيادا ياشاۋېتىپ، بۇنداق ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. ئادەمنىڭ جېنى ئەزەلدىنلا ئۇلۇغ - مۇقەددەس نەرسە ئىدى، لېكىن بۇ يەردە ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى، پەقەتلا سودا - سېتىق ھېساباتىدىكى نۆلدىنلا ئىبارەت ئىدى.

— ساڭا نېمە بولدى، چۈشتىن بۇيان خاپا كۆرۈنىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن.

— چۈنكى سىلەر ھېلىقى بالىغا بەك رەھىمسىزلىك قىلدىڭلار، — دەپ جاۋاب بەردىم. بىراق ئۇ كۈلۈپلا قويدى.

— مېنىڭچە، بۇ، كېمىدە باش قايغانغا ئوخشاش

بىر ئىش، بەزىلەر سېزەلەيدۇ، بەزىلەر سېزەلمەيدۇ.

— سىز ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن ئويناشتىڭىز، سىزنىڭچە ھاياتلىقنىڭ ھېچقانچە قىممىتى يوقـمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— قىممەت؟ نېمە قىممەت؟ — دېدى ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىر نۇقتىدا بولسىمۇ، بىراق بىر خىل مۇغەممەرلىك كۈلكىسى چىقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى، — قايسى خىل قىممەت؟ ئۇ قانداق ئۆلچىنىدۇ؟ كىم ئۇنىڭ قىممىتىگە ئېتىبار قىلىدۇ؟

ھاياتلىقنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بولىدۇ، بۇ مەن زادىلا گۇمانلىنىپ باقمىغان ھەقىقەت. بىراق بۇ ھەقىقەت خىرىسقا ئۇچرىغاندا مەن بىرنەرسە دېيەلمەي قالدىم.

— بىز تونۇگۇن بۇ ھەقتە پاراڭلاشقان، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ قارىشىمچە، ھاياتلىق ئېچىتقۇدەك بىرنەرسە، ئۇ باشقا خىل ھاياتلىقنى يۇتۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ، تۇرمۇش بولسا، ئولجىغا ئېرىشكەن توڭگۇزنىڭ تۇرمۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ناۋادا تەمىنلەش ـ تەلەپ قانۇنىيىتىنىڭ ئىچىدە بىرنەرسە بار دېيىلسە، ئۇ چاغدا ھاياتلىق دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. دۇنيادا ئاران مۇشۇنچىلىكلا دېڭىز ـ ئوكيان، قۇرۇقلۇق، ھاۋا بار. بىراق ھاياتلىق بولسا چەكسىز كۆپىيىپ بارىدۇ.

«تەبىئەت» بىر ئالىقاناتتۇر، ئەگەر بىزگە شۇنداق بىر پۇرسەت بولسا، تېنىمىزدىكى ھەربىر ھاياتلىق نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئايلىنىپ، پۈتۈن دۇنيانى قاپلاپ كەتكەن بولاتتى. ھاياتلىق؟! تۇفى! ئۇنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟ ئۇ پەسكەش نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش نەرسىدۇر. ئۇ ھەممىلا جايدا تىلەمچىدەك تەمتىرەپ يۈرىدۇ، «تەبىئەت» ئىسراپ قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنى تارقىتىدۇ. ئاران بىرلا ھاياتلىق ياشىيالايدىغان جايدا سانسىز ھاياتلىق ئۇرۇقنى چاچىدۇ، شۇڭلاشقا ھاياتلىق ھاياتلىقنى يەيدۇ. بۇ خىل ھالەت تاكى ئەڭ كۈچلۈكى، ئەڭ ئاچكۆزى قېپقالغۇچە داۋاملىشىدۇ.

— سىز دارۋىننىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپسىز، — دېدىم مەن، — بىراق ياشاش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھاياتىنى دەپسەندە قىلىش كېرەك دەپ ئويلىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا خاتالاشقان بولىسىز.

## 6

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئاشپەز بىلەن قىمار ئويناپ، ئاشپەز مېنىڭ يانچۇقۇمدىن ئوغرىلىۋالغان 185 دوللارنى ئۇتۇۋالدى.

— سىز ئۇتۇۋالغان پۇللار مېنىڭ ئىدى، خوجايىن، — دېدىم مەن يۈرەكلىك ھالدا.

ئۇ بىر خىل مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

— خېمپولىل، مەن ئىلگىرى گراماتىكا توغرىسىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان. مېنىڭچە، سەن زامان پېئىلىنى خاتا ئىشلەتتىڭ. «مېنىڭ» دېمەي، «ئەسلىدە مېنىڭ ئىدى» دېيىشىڭ كېرەك.

— بۇ گراماتىكىلىق مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئەخلاق مەسىلىسى، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— سەن خاتالاشتىڭ، بۇ گراماتىكىلىق مەسىلىمۇ، ئەخلاق مەسىلىسىمۇ ئەمەس، بەلكى رېئال مەسىلە.

— بۇنى بىلمىدىم، — دېدىم مەن، — ئەمەلىيەتتە ئۇ پۇللارغا سىز ئىگە بولۇۋالدىڭىز.

ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. مېنىڭ سەزگۈر-لۈكۈم ئۇنىڭغا يېقىپ قالغاندەك قىلاتتى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم:

— بىراق بۇ ھەقىقىي ئەھۋالدىن ئۆزىنى قاچۇرغان-لىق، — دېدىم مەن، — بۇ دېگەن ھەق - ناھەق مەسى-لىسى.

— ئوھوي، — دېدى ئۇ ئاغزىنى ئۇچلاپ، — سەن ھازىرمۇ يەنىلا شۇ ھەق - ناھەق دېگەن بىرنېمىلەرگە ئىشىنىدىكەنسەن - ھە؟!

— سىز ئازراقمۇ ئىشەنمەمسىز؟

— قىلچىلىكمۇ ئىشەنمەيمەن. كۈچ - قۇدرەت ھەقىقەت دېمەكتۇر.

— بىراق سىز پۇلۇمنى ئېلىۋالسىڭىز ماڭا يۇز كېلەلمەيسىز، — دېدىم مەن قارشى چىقىپ.

— خاتالاشتىڭىز، ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە يۇز كې-لەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، بىر-بىرىنى يېيىشى-ۋاتقان ئىككى زەمبۇرۇغنىڭ قايسىسىغا يۇز كېلەلەيدىكەن؟ كۇچىنىڭ بارىچە باشقىلارنى يېيىش، ئەمما باشقىلارغا يەم بولۇپ كېتىشتىن كۇچىنىڭ با-رىچە ساقلىنىش ئۇلاردىكى ئىرسىي كۇچ-قۇدرەت.

— ئۇنداقتا، سىز باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەلىماتىغا ئىشەنمەيدىكەنسىز-دە، — دېدىم مەن.

— ھەئە، شۇنداق، ئېسىمگە كەلدى. سپېنسېر[1] نىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندا بۇ سۆزنى ئۇچراتقانىدىم.

— باشقا سۆزلەرنىمۇ ئوقۇغانسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، — دېدى ئۇ، — سپېن-سېر مۇنداق دېگەندەك قىلغان: بىرىنچىدىن، ئادەم ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، بۇنداق قىلىش ئەخلاق-پەزىلەتكە ئۇيغۇن، ئاق كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بالىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنىڭ ئىرقى — مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت

[1] خېربېرت سپېنسېر (1820 — 1903) ئەنگلىيە سوتسىئولوگى، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى، ئېدېئالىستىك پەيلاسوپ.

قىلىشى كېرەك.

— بىرلا ۋاقىتتا ئۆزى، بالىلىرى ۋە مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلاش ئەڭ ئۇلۇغۋار، ئەڭ گۈزەل، توغرا ھەرىكەتتۇر، — دېدىم مەن سۆز قىستۇرۇپ.

— مەن بۇنداق قارىمايمەن، — دېدى ئۇ، — مەن شۇ خىل ئېھتىياج، شۇ خىل سەۋەبلەرنى كۆرمىدىم. مەن مىللەت ۋە ئەۋلادنى كاللامدىن چىقىرىپ تاشلىدىم. مەن ئۇلار ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشنى خالىمايمەن. سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كۈتۈشۈڭ كېرەك. ئەبەدىي ھاياتلىق يوق دەپ قارايدىغان ئادەم ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. مېنىڭ ئالدىمدا ئۆلۈمدىن باشقا مەڭگۈلۈك نەرسە مەۋجۇت ئەمەس.

— ئۇنداقتا سىز شەخسىيەتچى، ماتېرىيالىست، نەزەرىيە جەھەتتىكى راھەتپەرەس ئىكەنسىز ـ دە، — دېدىم مەن. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدىغان ئادەمكەنسىز، — دېدىم مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ئەمدى مېنى ئازراق چۈشەندىڭ، — دېدى ئۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

— دۇنيادا ئەخلاق دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدىغان ئادەم ئوخشىمامسىز؟

— توغرا ئېيتتىڭ.

— باشقىلارنى مەڭگۈ قورقۇنچقا سالىدىغان

ئادەمكەنسىز.

— شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

— خۇددى كىشىلەر زەھەرلىك يىلان ياكى يولۋاس، ياكى بولمىسا ئاكۇلادىن قورققانغا ئوخشاش؟

— ئەمدى مېنى ھەقىقىي چۈشىنىپسەن، — دېدى ئۇ، — سەن بىلىسەن، باشقىلار مېنى چىلبۆرە دەيدۇ. مەن دەل ئاشۇنداق ئادەم.

— سىز بىر خىل غەلىتە مەخلۇق ئىكەنسىز، — دې-دىم مەن يۈرەكلىك ھالدا، — خۇددى كالبان[1] غا ئوخشاش، ئۇ سېتبوس[2] نى ئويلاپ ئولتۇرۇپ، خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان مەخلۇق.

بۇ ئوخشىتىشنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ بۇنى چۈشىنەلمىدى. ئۇنىڭ بۇ شېئىرنى ئوقۇپ باقمى-غانلىقىنى شۇئان بىلدىم. ئاۋارىچىلىكتە قالماسلىق ئۈ-چۈن، مەن دەررۇ ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كىتابنى ئېلىپ چىقىپ، شۇ شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇدۇم. ئۇ خۇش بولۇپ كەتتى. بۇ بىر خىل ئىپتىدائىي تەپەككۇر شەكلى ۋە ئۇنىڭ شەيئىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى كۆزىتىش-تىكى ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئىدى.

---

① كالبان — شېكىسپىرنىڭ «بوران ـ چاپقۇن» دراممىسىدىكى ھايۋانسى-مان ئادەم.

② سېتبوس — كالباننىڭ ئانىسى، ئايال پېرىخون سكاۋراكس چوقۇنىدىغان ئىلاھ.

ئۇ بىرنەچچە قېتىم لوقما سالدى ۋە تەنقىد قىلدى. مەن شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى قايتا ـ قايتا ئوقۇتتى. بىز بىرلىكتە پەلسەپە، ئىلىم ـ پەن، تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە دىن توغرىسىدا مۇنازىرىلەشتۇق.

## 7

ئۈچ كۈن بۇرۇن سەھەردە مەن دېڭىز بويىسىنىڭ ياتىقىغا قايناق سۇ ئەكىرىپ بەرگىلى كىردىم. ئۇ مېنى كۆرمىدى. ئۇ بېشىنى چىڭ قاماللىۋالغان بولۇپ، قاتتىق ئاغرىق دەستىدىن قىينىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن قايتىپ چىقىۋېتىپ، ئۇنىڭ «پەرۋەردىگارىم، ئاھ پەرۋەردىگارىم!» دەپ ئىڭرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇ ئوۋچىلاردىن باش ئاغرىقى دورىسى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى، كەچتە بۇ قاۋۇل ئەركەك يېرىم ئەماغا ئايلىنىپ، ياتىقىدا دەلدۈگۈنۈپ يۈردى.

كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان باش ئاغرىقى ئۈچ كۈن داۋاملاشتى. ئۇ خۇددى يىرتقۇچلاردەك ئازابلىناتتى. كېيىمدە ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم، ھېسداشلىق قىلىدىغان كىشى بولمىغاچقا، ئۆز دەردىنى ئۆزى تارتماقتىن بۆلەك ئىلاج يوق ئىدى.

بىراق بۇگۇن ئەتىگەندە مەن ئۇنىڭ ياتىقىنى يىغىشتۇرۇۋاتقا كىرىپ، ئۇنىڭ ئوڭشىلىپ قالغانلىقىنى، تىرىشىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆردۇم. ئۇستەل، كارىۋاتلارنىڭ ئۇستى ھېسابات قەغەزلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قولىغا كومپاس ۋە تىك بۇلۇڭلۇق سىزغۇچ ئېلىۋېلىپ، بىر پارچە سۈزۈك قەغەزگە قانداقتۇر بىر ماسشتابلىق خەرىتە سىزىۋاتاتتى.

— ھەي، خېمپولىل، — دەپ چاقىردى ئۇ دوستانە ئاھاڭدا، — مەن بۇ ئىشنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىمەن، كۆرۈپ باقامسەن؟

— بۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— دېڭىزچىلارنىڭ كۈچىنى تېجەپ قالىدىغان لايىھە، دېڭىزچىلىق ئەمدى يەسلى بالىلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابىدەك ئاسانلىشىدىغان بولدى، — دېدى خۇشاللىق بىلەن، — بوران - چاپقۇنلۇق كېچىدە ئاسماندا بىرەر يۇلتۇز بولسىلا، سەن ئۆزۈڭنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىۋالالايسەن.

— ماتېماتىكىغا ناھايىتى ئۇستا ئوخشايسىز، — دېدىم مەن، — سىز قەيەردە ئوقۇغان؟

— ناھايىتى ئەپسۇس، مەن ئەزەلدىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، شۇڭلاشقا تىرىشمىسام بولمايدۇ.

— مېنىڭ نېمىشقا بۇنداق ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىدىغىنىمنى تېپىپ باقە، — دېدى ئۇ توساتتىنلا.

— نام چىقىرىش ئۈچۈندۇ، تايىنلىق.

ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ كەتتى.

— پۇتۇنلەي خاتا، پاتىنتقا ئىرىشىپ پۇل تېپىش ئۈچۈن، باشقىلار ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي كېچىلەردە ئىشلەۋاتقاندا، خۇددى چوشقىدەك يەپ ـ ئىچىش مېنىڭ نىشانىم، ئۇنىڭدىن باشقا مەن بۇ لايىھىنى تۈزۈش داۋا- مىدىكى خۇشاللىقتىنمۇ بەھرە ئالىمەن.

— كەشپىيات يارىتىش خۇشاللىقىدىن؟ — دېدىم مەن بوش ئاۋازدا.

— شۇنداق ئاتاش كېرەك. بۇ تىرىك ئادەمنىڭ خۇ- شاللىقىنى ئىپادىلەشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى، ئادەم كۈچىنىڭ ماددا ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى، تىرىك- لىكنىڭ ئۆلۈم ئۈستىدىن قىلغان غەلىبىسى، بىر خىل ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغ — ئادەمنىڭ شان ـ شۆھرىتىدۇر. چۈنكى ئۇ ئۆمىلەپ يۈرىدىغان زەمبۇرۇغدۇر.

مەن بۇنداق تۈرۈشتىن زېرىكىپ، ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. بۇ ئادەمنىڭ مېنى قانچىلىك قىزىقتۇرغى- نىنى بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. ئۇ زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ قانداق نەرسە؟ ئۇ قانداقسىگە مۇشۇنداق بولۇپ قال- غاندۇ؟ ئۇ قارىماققا بارلىق ھوقۇق ـ ئىمتىياز، يوشۇرۇن كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگىدەك قىلاتتى — شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ نېمىشقا ئادەتتىكى دېڭىز يىلپىزى ئوۋلايدىغان يەل- كەنلىك كېمىنىڭ ئادەتتىكى خوجايىنى بولۇپ قالىدۇ؟

يەنە كېلىپ ۋەھشىيلىكتە دېگىز يىلپىزى ئوۋچىلىرى ئارىسىدا داڭق چىقىرىدۇ؟

قىزىققانلىقىمدىن ئۇنى سوئاللارغا كۆمۈۋەتتىم:

— سىز نېمىشقا بۇ دۇنيادا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلمايسىز؟ سىز شۇ كۈچ ـ ماغدۇرىڭىز بىلەن ھەرقانداق ئىشنى قىلالايتتىڭىز. ۋىجدان ياكى تۇغما ئەخلاق قارىشىڭىز بولمىسىمۇ جاھاننى سورىيالايتتىڭىز، ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيتتىڭىز. ئەمما سىز بۇ يەردە بارا ـ بارا قېرىپ كېتىۋاتىسىز، سىز ھالاكەت يولىغا مېڭىپ ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ قاپسىز، سىز پەس، چاكىنا، چىرىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىسىز. ئاياللارنىڭ تويماس نەپسى، شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە زىبۇزىننەتكە بېرىلىش ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن دېگىز يىلپىزى ئوۋلاۋاتىسىز. ئۆزىڭىزنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتساق، چوشقىدەك يەپ ـ ئىچىۋاتىسىز، شۇنچىلىك ئادەتتىكى ئەرزىمەس ئىشلارنى قىلىۋاتىسىز، سىز نېمىشقا بارلىق كۈچىڭىزنى، زېھنىڭىزنى سەرپ قىلىپ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارمايسىز؟ ھېچقانداق نەرسە سىزنى توسمايدۇ ۋە توسىيالمايدۇ. سىزدە ئۇلۇغۋار ئىرادە يوقمۇ؟ يا سىزنى بىرەر نەرسە باش كۆتۈرەلمەيدىغان قىلىپ قويدىمۇ؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟

مەن سۆزۈمنى باشلىغاندىلا ئۇ رازىمەنلىك بىلەن سۆزۈمنى ئاڭلىدى. سۆزلەپ بولدۇم، ئۇ سۆزىنى قەيەر-

دىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتقانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ بىر دەم تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

— خېمپولىل، سەن دېھقانلارنىڭ زىرائەت تېرىشى توغرىسىدىكى تەمسىلنى ئاڭلىغانمۇ؟ ئەگەر ئاڭلىغان بولساڭ، ئېسىڭدىدۇ، بەزى ئۇرۇقلار تاشلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ يەردە تۇپراق قېلىن بولمىغاچقا، ئۇلار ئوڭايلا ئۈنۈپ چىقىدۇ، لېكىن كۈن نۇرى قىزدۇرسىلا سولىشىپ قالىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يىلتىزى بولمىغاچقا، ئۇلار قۇرۇپ قالىدۇ. بەزى ئۇرۇقلار تىكەنلەرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ قالىدۇ، تىكەنلەر ئۈنۈپ چىقسىلا ئۇلارمۇ ئۆلۈپ قالىدۇ.

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدىم مەن.

— ھېچنېمە بولمايدۇ. مەن بولسام دەل شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر تال ئۇرۇق.

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خەرىتىسىنى سىزىشقا كىرىشتى. مەن ئىشىمنى تۈگىتىپ، ئىشىكنى ئېچىپ بوسۇغىدىن ئاتلىشىمغا:

— خېمپۆلىل، سەن نورۋېگىيە خەرىتىسىنىڭ غەربىي دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ باق، ئۇ يەردە روموستافوت دېگەن بىر پورت بار. مەن شۇ جايدىكى قولتۇقتا 100 ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان جايدا تۇغۇلغان. لېكىن مەن نورۋېگىيىلىك ئەمەس. مەن دانىيىلىك، مېنىڭ

ئاتا ـ ئانامنى دانىيىلىك. مەن ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ غەربىي دېڭىز قىرغىقىدىكى بۇ قاقاس دېڭىز قولتۇقىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئۇقمايمەن. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئاڭلاپ باقمىدىم. بۇلاردىن باشقا مېنىڭ ھېچقانداق سىرىم يوق. ئۇلار ناھايىتى نامرات ئىدى. مەكتەپتىمۇ ئوقۇمىغان. شۇڭا مەن ئەنە شۇنداق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە چوڭ بولدۇم. ئەمدى دېگۈدەك ھېچنېمە قالمىدى.

— بار، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئىنكار قىلىپ، — مەن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى چۈشىنەلمىدىم.

— سەن مېنى زادى نېمە دېگۈزمەكچى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەشەددىيلىك بىلەن، — نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئاشۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنى ئېيتايمۇ ياكى بېلىق يەپ جان باقىدىغان ئاددىي تۇرمۇشنى ئېيتايمۇ ۋە ياكى ئۆمىلىيەلەيدىغان بولغان چېغىمدا كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىزغا چىققان كەچۈرمىشىمنى ئېيتايمۇ؟ دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى چىقىپ قايتىپ كەلمىگەن ئاكا ـ ئىنىلىرىم توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي، ئون ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا كونا پاسوندىكى كېمىلەردە كۈتكۈچىلىك قىلغىنىمنى ئېيتايمۇ؟ ياق، مېنىڭ بۇلارنى ئەسلىگۈم يوق. ئەگەر ھازىر ئۇ چاغلارنى ئەسلىسەم، غالجىرلىقىم تۇتۇشى تۇرغان گەپ.

— سىز سېپىنسېر ۋە دارۋىننىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپسىز، لېكىن مەكتەپ يۈزى كۆرمىدىم دېگىنىڭىز ھېلىمۇ ئېسىمدە، سىز شۇنداق تورۇقلۇق خەت يېزىش، كىتاب ئوقۇشنى قانداق ئۆگىنىۋالغان؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— ئەنگلىيە كېمىسىدە ئۆگەنگەن، 12 يېشىمدا كوتكوچىلىك قىلدىم، 14 يېشىمدا قارا ئىش قىلدىم، 16 ياشقا كىرگەندە ئاددىي ماتروس بولدۇم، 17 يېشىمدا ئالىي دەرىجىلىك ماتروس بولدۇم. ماتروسلارغا باشلىقمۇ بولغانمەن. مەندە ئۇلۇغۋار غايىلەر بولغان، لېكىن ناھايىتى يېگانىلىك ھېس قىلاتتىم. ھېچكىم ماڭا ھېسداشلىق قىلمايتتى، بۇلارنى — دېڭىزچىلىق، ماتېماتىكا، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات ۋەھاكازالارنى ئۆزۈم ئۆگەنگەن. لېكىن بۇلارنى ئۆگەنگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ خۇددى ئېيتقىنىڭدەك كۆپ دېگەندىمۇ بىرەر كېمىگە ئىگە بولۇپ، كاپىتان بولدۇم شۇ. ھازىر مەن قېرىدىم، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى، ھېچقانداق قىممىتىم قالمىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ - يا؟ كۆن چىقىسىلا قۇرۇپ كېتىدىغان ئۈسۈملۈكنىڭ ئۆزىمەن. يىلتىزىم بولمىغاچقا، قۇرۇپ كېتىشىم تۇرغان گەپ.

— لېكىن، تارىختا گېزى كەلگەندە تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ خان - پادىشاھ بولغانلىقىغا دائىر

مىساللار كۆپ، — دېدىم مەن ئۇنى ئەيىبلىگەندەك قىلىپ.

— تارىختا پۇرسەتنىڭ تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنى خان - پادىشاھلارغا ئايلاندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى مىساللارنىڭ كۆپلۈكى راست، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — ئادەم كۆچىگە تايىنىپ پۇرسەت ياراتقىلى بولمايدۇ. ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلغانلار ئۆزلىرىگە كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن، خالاس. ھېلىقى كورسىكىلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن. مەن ئۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلغان، پۇرسەت كەلگەن بولسا مەن ئۇنى قولدىن بەرمىگەن بولاتتىم، لېكىن پۇرسەت ماڭا زادى نېسىپ بولمىدى، تىكەنلەر ئۆسۈپ چىقىپ، مەندەك يىلتىزسىز يۇمران مايسىنى يېپىۋالدى. ھەي خېمپولل، ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ئاكامدىن قالسىلا سەن مېنى باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك چۈشىنىۋالدىڭ.

— ئاكىڭىز نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قەيەردە تۇرىدۇ؟

— ئاكام «ماكىدونىيە» ناملىق پار كېمىنىڭ خوجايىنى، دېڭىز يىلپىزى ئوۋلايدۇ، — دېدى ئۇ، — بىز ئېھتىمال ياپونىيە دېڭىز قىرغاقلىرىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنى پانىي ئالەمدىكى دوزاخ ئىلاھى رېسىن دەپ ئاتىشىدۇ.



## 8

لۇئى ماڭا دوزاخ ئىلاھى رىبسىن توغرىسىدا سۆز-لەپ بەردى، ئۇنىڭ سۆزلىرى كاپىتاننىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن ئوخشاش چىقتى.

— بىز ياپونىيە دېڭىز قىرغىقىدا ئۇنى ئۇچرىتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا چوقۇم بىرەر ۋەقە يۈز بېرىدۇ، — دېدى لۇئى مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئۇلار خۇددى بىر جۈپ بۆرە كۈچۈكلىرىگە ئوخشاش بىر-بىرىگە ناھايىتى ئۆچ، ئۇنىڭ «ماكېدونىيە» ناملىق كې-مىسى دېڭىز يىلپىزى ئوۋلايدىغان كېمىلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر پار كېمە، ئۇنىڭ كېمىسىدە 14 قولۋاق بار، باشقا يەلكەنلىك كېمىلەردە بولسا ئارانلا ئالتە دانە قولۋاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كېمىسىدە يەنە توپمۇ بار ئىمىش. قارىغاندا، باشقىچە سەپەرلەرگىمۇ چىقىدىغان ئوخشايدۇ.

ئالدىنقى ئىككى ئاخشامدا دېڭىز بۆرىسى رىبسىن-نىڭ «ئىنجىل» نى ئوقۇۋاتقانلىقى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. مەن ئۇنىڭ نېمىگە ئېرىشمەكچى ئىكەنلىكى-نى بىلەلمىدىم. ئۇ بولسا يۇقىرى ئاۋازدا «ۋەزنامە» نى ماڭا ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ شۇ ئارقىلىق ئۆز ئىدىيىسىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم.

— سەن توغرا ئېيتىپسەن، خېمپولل، — دېدى ئۇ كىتابنى يېپىپ قويۇپ ماڭا تىكىلگىنىچە، — بۇ ۋەز- خان يېرۇسالېمدا ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بولغان، بۇ ۋەزخاننىڭ ئويلىغىنىنى بىلەن مېنىڭ ئويلى- غىنىم ئوخشاش چىقتى. بۇ ۋەزخان ھاياتنى سۆيىدى- كەن، ئۆلۈشنى خالىمايدىكەن، بىكارچىلىق ۋە دەرد - ئەلەمنىڭ گۆردىكى جىمجىتلىقتىن ئەلا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىكەن. مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. ئۆمىلەپ يۈرۈش پەسكەشلىكتۇر، لېكىن ئۆمىلىمەي جىم تۇرغان كى- شىنىڭ تاش - كېسەكتىن پەرقى يوق، بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ ناھايىتى قىيىن. بۇنى مېنىڭ جىسمىم ياق- تۇرمايدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسى ھەرىكەت قىلىشتا، ھەر- كەتنىڭ كۈچىدە ۋە ھەرىكەتنىڭ كۈچىنى ئاڭقىرىشتا. ھاياتلىقنىڭ ئۆزى بىر دۆۋە ئەخلەت، بىراق ئالدىڭدىكى ئۆلۈمنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭ، ئۇنىڭ ئەخلەتتىنمۇ بەتتەر ئىكەنلىكىنى بىلىسەن.

— ئۆمەر ھەييامغا قارىغاندا خېلى ئىلگىرىلەپ- سىز، — دېدىم مەن.

ھاياتلىق ئۆزىنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى بىلگەندە، ئۇ چوقۇم قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. بۇنىسى مۇقەررەر. ۋەزچى ھاياتنى ۋە ھاياتنىڭ شۆھرەتپەرەسلىك، ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان رەزىل پائالىيەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن؛ لېكىن كىشى ئۆلسە شۆھرەتپەرەسلىك، ئازاب - ئوقۇبەتنىڭمۇ

ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ رەزىل ئىش ئىكەنلى-
كىنى ھېس قىلغان. ئۆمەر ھەييام شۇنداق، مەنمۇ
شۇنداق، سەنمۇ شۇنداق؛ سېنىڭ جېنىڭ، سېنىڭ ھايا-
تىڭنى بەلگىلەيدىغان جېنىڭ، ئۆزۈڭدىنمۇ ئۇلۇغ بولغان
جېنىڭ ئۆلۈشنى خالىمايدۇ. سەن ئىلگىرى مەڭگۈلۈك
ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇرۇشنىڭ بىر خىل ماھىيەت
ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭ، مېنىڭ دەۋاتقىنىم ھاياتـ-
لىقنىڭ ماھىيىتى، يەنى ھايات قېلىش ئىستىكىدە
بولۇش. ئەزرائىل ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ۋە ئۇنىڭغا
يېقىنلاشقاندا، مەڭگۈ ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇرۇش تۇي-
غۇسى ھايات قېلىش تۇيغۇسىغا تەسلىم بولىدۇ.

— ئەگەر مەندىن قورقمىدىغانلىقىڭنى ئىنكار قىلـ-
مايدىكەنسەن، مەن سېنىڭ گېلىڭنى سىقمۇالسام، مانا
مۇشۇنداق، — ئۇ مېنىڭ گېلىمنى سىقىپ نەپسىمنى
ئۈزۈپ قويىدى، — سېنىڭ جېنىڭنى تېنىڭدىن جۇدا
قىلماقچى بولسام، سەندىكى مەڭگۈلۈك ياخشى نام ـ ئا-
تاق قالدۇرۇش تۇيغۇسى خىرەلىشىپ، ھايات قېلىش
ئىستىكى ئۇلغىيىپ، ھايات قېلىش ئۈچۈن تىرمىشى-
سەن. ھوي، مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن ئۆلۈمنىڭ ۋە-
ھىمىسىنى كۆرۈۋاتىمەن، ئىككى بىلىكىڭ ھاۋادا پۇ-
لاڭلاۋاتىدۇ، ئاجىز جېنىڭنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇۋا-
تىسەن، نەپەس ئېلىشىڭ تېزلىشىپ، تىلىڭمۇ ساڭگى-
لاپ قالدى، تېرەڭ قارىيىپ، كۆزلىرىڭ پىلدىرلاۋاتىدۇ.

ئىچىگىدە ياشىشىم كېرەك، ياشىشىم كېرەك، ياشىشىم كېرەك دەپ قاتتىق خىرىلداۋاتسەن؛ كېيىن ئەمەس، بەلكى ھازىر ياشىشىم كېرەك دەپ خىرىلداۋاتىسەن. مەڭگۈلۈك ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇرۇش تۈيغۇسىدىن گۇمانلىنىۋاتقانسەن؟ ھا، ـ ھا! بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس. شۇ تاپتا سىناپ بېقىشتىن ۋاز كەچتىڭىز دېمەن. پەقەت ئۆزۈڭنىڭ ئىلكىدىكىسىلا ھەقىقىي ھاياتلىق. كۆزلىرىڭ توختاپ، كۆز نۇرۇڭ خىرەلىشىپ كەتتى. لېكىن يەنىلا قوللىرىمدا جان تالىشىۋاتىسەن، مېنى تېپىۋاتىسەن، بەدىنىڭ تۈگۈلۈپ يىلانغا ئوخشاپ قالدى. كۆكرىكىڭ تىترەپ، تارتىشىۋاتىدۇ. ياشىشىم كېرەك! ياشىشىم كېرەك! ياشىشىم كېرەك! دەپ خىرىلداۋاتىسەن!

مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىيالماي قالدىم. مېنىڭ سېزىمىم ئۇنىڭ ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرى ئىچىدە خىرەلىشىپ كەتكەندى. ئېسىمگە كەلگىنىمدە، يول ئۈستىدە ياتقانلىقىمنى سەزدىم.

— قانداق، ئەمدىغۇ سۆزۈمگە ئىشەنگەنسەن؟ — سورىدى مەندىن.

— سىزنىڭ بۇنداق ئىسپاتلىشىڭىز بەك... بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، — دېدىم مەن گېلىمنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىغا قارىماي.

— يېرىم سائەتتىن كېيىن ياخشى بولۇپ

قالىسەن، — دېدى ئۇ ماڭا كاپالەت بېرىپ، — مەن شۇ-نىڭغا كاپالەت بېرىمەنكى، بۇنىڭدىن كېيىن تەن جازاسى ئارقىلىق ئىسپاتلاش ئېلىپ بارمايمەن. ئورنۇڭدىن تۇ-رۇپ ئورۇندۇقتا ئولتۇر.

غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئويۇنچۇقى بولۇپ قېلىپ، ئۇ-زۇلۇپ قالغان ئۆمەر ھەييام ۋە ۋەزچى توغرىسىدىكى مۇنازىرىمىزنى قايتىدىن باشلىدۇق.

## 9

ئۆتۈپ كەتكەن يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە، بىر مەيدان ۋەھشىيانە ئويۇننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئاشپەز ئاقنى قارا دەيدىغان چېقىمچى، جاسۇس ئىدى. ئۇ خوجايىنغا يالاقچىلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ئېتىبارىغا قايتا ئېرىشىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. كېمىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈ-مىدە بولۇنغان سۆزلەرنى ئېقىتماي-تېمىتماي ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى. جونسوننىڭ تاقا-تۇققا سۆزلىرىنى ئاشپەزنىڭ دېگىنى بۆرىسى رېسىنگە چېقىپ قويغانلىـ-قىنى بىلەتتىم. بۇنىڭغا جونسوننىڭ ماتروسلار ئىشكا-پىدىن بىر يۈرۈش كىيىمنى كىيىپ، سۈپەتـ-نىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىنى كۆرۈپ، بۇنى دەرھاللا باش-قىلارغا دەپ يۈرۈشى تۆتۈرۈق بولغانىدى، لېكىن مەن جونسوننىڭ كىيىم ئىشكاپى توغرۇلۇق نېمىلەرنى

دېگەنلىكىنى بىلمەيتتىم. بىراق، كۆز ئالدىمدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. كېمە بۆلۈمـ لىرىنى تازىلاپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا، باش ياردەمچى يوـ ھانسېن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە جونسون بارئىدى. كېمىدىكى قائىدە بويىچە ئۇ بۆكىنى قولىغا ئېلىپ كەلدى ۋە كېمە بۆلۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئەدەپ بىلەن خوجايىنغا يۈزلىنىپ تۇردى.

— ئىشىك ـ دېرىزىنى يېپىۋەت، — دېدى دېگىز بۆرىسى ماڭا.

مەن بۇيرۇقنى ئورۇنداپ بولۇپ، جونسونىنىڭ كۆزـ لىرىدىكى تاقەتسىزلىكنى بايقىدىم، بىراق بۇنىڭ سەۋەـ بىنى بىلەلمىدىم. ماتروس جونسون غايىلىك، ئېتىقادى مۇستەھكەم، ھەققانىيەتچىل، سادىق كىشى ئىدى. ئۆزىـ نىڭ خاتا قىلمىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا قورقۇپمۇ قالمىدى. ئەگەر لازىم بولسا، ھەققانىيەت ئۈچۈن ھاياـ تىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايتتى. ئۇ ۋىجدانلىق بوـ لۇپ، ئۆزىگە كىر يۇقتۇرمايتتى. بۇ يەردە ئۇ روھنىڭ تەن ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرـ دى. مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ دېگىز بۆرىسى رېسىنىڭ ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىگە ناھايىتى ئۈستىلىق بىلەن رەددىيە بەرگەنلىكىنى سەزدىم.

— جون، — دېدى دېگىز بۆرىسى سۆزىنى باشلاپ.

— خوجايىن، مېنىڭ ئىسمىم جونسون، — دېدى

ماتروس مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ.

— بوپتۇ، ھۇ ئۆلگۈر جونسون! نېمىشقا چاقىرد- ۋاتقانلىقىمنى پەرەز قىلالامسەن؟

— ھەم بىلىمەن، ھەم بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ ئاستا جاۋاب بېرىپ، — مەن خىزمىتىمنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلىۋاتىمەن، بۇنى باش ياردەمچى بىلىدۇ، سىزمۇ بى- لىسىز، خوجايىن. مېنىڭ خىزمىتىمدىن ھېچقانداق قۇسۇر چىقمايدۇ.

— جونسون، مەن سېنىڭ كىليونكا كىيىملەردىن رازى ئەمەسلىكىڭنى بىلىمەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، رازى ئەمەس، بۇ كىيىملەر بەكلا نا- چاركەن، خوجايىن.

— شۇڭلاشقا قالايمىقان جۆيلۈپ يۈرۈپتىكەنسەندە.

— مەن پەقەت كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنىلا قىلدىم، خوجايىن، — ماتروس ناھايىتى باتۇرلۇق بىلەن جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ھەربىر جۈملە سۆزىنىڭ كەينىگە ناھايىتى ئەدەپ بىلەن «خوجايىن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قوياتتى.

— مېنىڭ ۋە ئىشكاپىمنىڭ غەيۋىتىنى قىلغانلار- نىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى دېڭىز بۆرىسى رىيسسىن.

— بىلىمەن، خوجايىن، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

— نېمە؟ — دېڭىز بۆرىسى ھۆركىرىدى.

— باش ياردەمچى ئىككىڭلارنىڭ ماڭا تاقابىل

تۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭلارنى بىلمەن، خوجايىن.

— قارا ئۇنىڭغا خېمپولل، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ماڭا، — ئاززاق جېنى بار بۇ چالڭ ـ توزاننى كۆردۈڭمۇ، بۇ ھەربىكەت قىلالايدىغان، نەپەس ئالىدىغان، ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق قارشىلىق كۆرستەلەيدىغان ماددى-لارنىڭ بىرىكمىسى، ئۆزىنى ياخشى نەرسىلەرنىڭ جۇغ-لانمىسى دەپ قاپتۇ، ئۇنىڭ قەلبىگە ئانچە ـ مۇنچە ھەق-قانىيەت، ساداقەت دېگەندەك ئىنساني ھېكايىلەر چىڭ ئورنىشىۋاپتۇ، ئاشۇنداق شەكىلدە تۇرمۇش كەچۈرسەمەن دەپ، ئۆزىنىڭ جېمى مۇشكۇلات ۋە خەتەرلەرگە دۇچ كېلىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئوخشايدۇ، سې-نىڭچە ئۇ قانداقراق ئادەم، خېمپولل؟

— مەن ئۇنى سىزدىن ياخشى ئادەم دەپ قاراي-مەن، — دېدىم مەن جونسۇننىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىش ئىستىكىدە، — سىزنىڭ بايا ئېيتقىنىڭىز بويىچە ئۇ-نىڭدىكى ئىنسانىيەت ھەققىدىكى ھېكايە ئادىمىلىك، ۋىجدان ئۈچۈن يارالغان، بىراق سىزدە ھېچقانداق ھېكايە، شېرىن ئاززۇ، غايە يوق، سىز بىر يالاڭ تۆش.

— توغرا ئېيتتىڭ خېمپولل، توغرا ئېيتتىڭ. مەندە ئادىمىلىك، ۋىجدان توغرىلىق ئەسلىمە يوق، مەندىكى بىردىنبىر دىني ئەقىدە تېنىمنى ساقلاش ئۇ-چۇنلا پايدىلىنىدىغان ۋاقىتلىق تەدبىر. مەن جونسۇندىكى

بۇ ئەرزىمەس ھاياتلىقنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋەتكەندە، ئۇنىڭ چالا ـ توزاندىن پەرقى قالمىغاندا، مەن يەنىلا ياشاۋېرىـ مەن، نەرە تارتقان ھالەتتە قېلىۋېرىمەن.

— مېنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى قىلماقچى بولۇۋاتقىنىمنى بىلەمسەن؟ — سورىدى ئۇ مەندىن. مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— ھىم، مەن نەرە تارتىش ئىمتىيازىمنى يۈرگۈزـ مەكچىمەن، ئادەمىيلىكنىڭ قانداق دەپسەندە قىلىنىدـ غانلىقىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويماقچىمەن، قاراپ تۇر.

ئۇ جونسوندىن توققۇز فۇت يىراقلىقتا چېكىنىپ، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋان ئولجىسىغا ئېتىلغاندەك جوذـ سونغا تاشلاندى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئادەمگە خۇددى قار كۆچكەننى ئەسلەتتى. جونسون بۇنداق ئۇشتۇمتۇت ھۇـ جۇمغا تاقابىل تۇرالمايتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن بېشىـ نى، يەنە بىر قولى بىلەن قورسىقىنى قوغدىدى، لېكىن دېڭىز بۆرىسىنىڭ مۇشتى خۇددى چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تەگدى. جونسوننىڭ نەپىسى بىردەم توختاپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭدىن يەنە ئادەمنىڭ يوغان پالتا بىلەن بىرنەرسە چاپقاندا چىقارغان ئاۋازىدەك «ھۇھ!» قىلغان ئاۋاز چىقتى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى، لېكىن كۈچىنىڭ بارىچە بەدىـ نىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا تىرىشتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، قارىغان كىشىنىڭ تېنى

شۇركۇنىدىغان ئىشلار يۈز بەردى.

جونسون باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ بىر ئادەم قانداقمۇ دېگىز بۆرىسى رېسسىن بىلەن باش ياردەمچى يوھانسېن ئىككىسىگە تەڭ كېلەلىسۇن؟ بىر ئادەمنىڭ شۇنچە تاياق ئاستىدىمۇ تىرىك قالغانلىقىغا، داۋاملىق تىركىشىۋاتقانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. جونسونمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ يېڭىلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق ئۇنىڭ ۋىجدانى ئۇنى كۈرەشتىن ۋاز كېچىشكە يول قويمايتتى.

داۋاملىق كۆرۈۋېرىشكە تاقىتىم قالمىغانىدى. مەن خۇددى ساراڭلاردەك شوتىغا يامىشىپ، پالوبا ئۈستىگە چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق دېگىز بۆرىسى ئولجىسىنى تاشلاپ سەكرەپ يېنىمغا كېلىپ، مېنى ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلىۋەتتى.

— ھاياتلىق ھادىسىسى بۇ، خېمپولىل، — دېدى ئۇ مېنى مازاق قىلىپ.

— مۇشۇ يەردە تۇرۇپ كۆر. مەڭگۈلۈك ياخشى نام ـ ئاتاق قالدۇرۇش تۇيغۇسى ئۈچۈن ماتېرىيال بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەنمۇ بىلىسەن، بىز ئۇنىڭ روھىغا زىيان يەتكۈزمەيمىز، پەقەتلا ئۇنىڭ تېنىنىلا ئەدەپلەپ قويىمىز.

دېگىز بۆرىسى رېسسىن بىلەن باش ياردەمچى يوھانسېن بۇ بىچارىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى، مۇشتى

بىلەن ئۇراتتى، قاتتىق بەتىنكىسى بىلەن تېپەتتى، يە-
قىلىپ چۈشسە تارتىپ تۇرغۇزۇپ، يەنە ئۇنى ئۇرۇپ يى-
قىتاتتى.

جونسوننىڭ كۆزلىرى تاياق زەربىسىدىن ئىچىلماي قالدى، ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، قۇلاق، بۇرۇن، ئاغزىدىن قان توختىماي ئاقاتتى. ئۆينىڭ ئىچى خۇددى قۇشخانىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرالماي قالغاندىمۇ، ئۇلار ئۇرۇپ ـ تېپىشنى توختاتمىدى.

دېگىز بۆرىسى رېسسىننىڭ بۇيرۇقى ئاڭلاندى.

ــ خېمپولل، ئىشىكنى تېز ئاچ!

مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدىم. ئىككى ھايۋان ھوشىنى يوقاتقان يىگىتنى خۇددى ئەخلەت خالتىسىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ شوتىدىن چىقىپ، پالۇبىغا كەل-
دى. جونسوننىڭ بۇرنىدىن قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى.

ئىلگىرىكى كۈتكۈچى جورجى رېچىنىڭ ھەرىكىتى ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ خوجايىنىنىڭ رۇخ-
سىتىنى ئالمايلا كېمە قۇيرۇقىدىكى ئۆيلەر ئالدىدىكى پالۇبىدىن جونسوننى ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ يارىلىرىنى تېڭىشقا باشلىدى. جونسوندا ئادەم سىياقى قالمىغانىدى، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا دۇمبا زەربىسىدىن شۇ ھالغا كېلىپ قالغانىدى.

رېچىنىڭ سۆزى ئىختىيارسىز قۇلىقىمغا كىردى. بۇ ئاۋاز غەزەپلىك، بوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس

غەزەپ يوشۇرۇنغانىدى. مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ كېمىنىڭ ئايىغىدىكى پالۇبىدا، ئاشخانىنىڭ سول تەرە- پىدە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ چىرايىدا قان ئىدارى قالمىغان بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتى بېشىنىڭ ئۈستىدە پۇلاڭلايتتى.

— ياخشى ئۆلۈم بىلەن ئۆلمىيسەن، ھەي چىلبۆرە، سەن دوزاخقا مەھكۇم، ھۇ لۈكچەك، قاتىل، توڭگۇز!

مەن قورققىنىمدىن قېتىپلا قالدىم. مەن ئۇنىڭ ھازىرلا جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدىم، ئەمما دېڭىز بۆرىسى رېسىنىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش خى- يالى يوق ئىدى. ئۇ تۆۋەنكى پالۇبىغا ئاستا كېلىپ، كېمە بۆلۈمچىسىگە قوللىرىنى تىرەپ، ئۆلۈمدىن قورقمىغان بۇ بالىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ كەتتى.

بۇ بالا دېڭىز بۆرىسىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. ماتروسلار قورققىنىدىن بىر كاللەك بولۇۋېلىپ، كېمە بېشىدىكى كىچىك بۆلۈمچىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قا- راپ تۇرۇشاتتى. ئۇۋچىلار بۆلۈملەردىن ۋاڭ - چۇڭ كۆ- تۈرگەن ھالدا چىقىشقا باشلىدى. بۇ بالىنىڭ قارامىلىقى ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى. بۇ بالا مېنى بەكلا ھاياجان- لاندۇرۇۋەتكەنىدى، مەن ئۇنىڭ جىسمىدىن بويسۇنماس روھىنىڭ غەلىبىسىنى، تەندىن ھالقىغان، تەندىكى قور- قۇنچتىن ھالقىغان غەلىبىنى بايقىغانىدىم، ئۇنىڭ تىل- لاشلىرى خۇددى قەدىمكى زاماندىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ

رەزىللىكنى قارغىغىنىغا ئوخشايتتى.

چۈشتىن كېيىن يەنە ئىككى ئوۋچىمۇ تۇتۇۋېلىنىپ قالدى، بۆلۈمدە بىرپەس ئۇق ئاۋازى ياڭرىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىلا يارىلاندى.

4 دىن 6 گىچە ئىككى سائەتلىك ئىسمىنا ۋاقتىدا، كېمىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈمچىسىدە يەنە چوڭ قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. قالايمىقانچىلىق جونسوننى كېمىنىڭ دېڭىز بۆرىسى رېسىنىغا چېقىپ قويغانلىقى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشتىن كېلىپ چىققانىدى. مەن ئاڭلىغان ئاۋاز ۋە يارىلانغانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىككىنچى كۈنى كۆرگەندىن كېيىن، ئالدىنقى بۆلۈمدىكى ماتروسلارنىڭ ئىككى تەرەپ بولۇپ ئۇرۇشقانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

6 دىن 8 گىچە ئىككى سائەتلىك ئىسمىنا ۋاقتىدا يۈز بەرگەن باش ياردەمچى بىلەن ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشايدىغان بىر ئۇزۇنتۇرا ئوۋچىنىڭ مۇشتلىشىشىنى قوشقاندا، بۇ بىر كۈن قاباھەتلىك چۈشتەك ئۆتتى.

مەن بولسام قاباھەتلىك چۈش دەستىدىن ئازابلىناتتىم. بۇ بىر كۈن قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ۋەھشىيانە قىلمىشلار ئۇزۇلمەي يۈز بەردى، غەزەپ ۋە جاندىن ئۆتىدىغان خورلۇقلار كىشىلەرنى ئۆزئارا نابۇت قىلىشقا، باشقىلارنى دەپسەندە قىلىشقا ئېلىپ باردى. بۇ ئىشلار كاللامغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئىلگىرى مەن ئىنسانلارنىڭ ۋەھشىي تەرىپىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتىم.

ئىنىقىنى ئېيتسام، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەدەنىي بىر تەرىپىنىلا بىلەتتىم. مەن كىشىلىك تۇرمۇش رېئاللىد-قىدىن قىلچە خەۋەرسىز قالغانىكەنمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى يۇزەكى كۆزقاراشلىرىمغا ئاچچىق كۈلۈپ قويدۇم، گويا دېڭىز بۆرىسى رېسىنىڭ ئادەمنى ۋە-ھىمىگە سالىدىغان مەنتىقىسىدىن كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ مەنتىقىسىدە ھېس قىلغاندىنمۇ مۇۋاپىق بولغان چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندەك قىلاتتىم.

## 10

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىنلا، جونسون ئاقسىغىنىچە پالۇبىغا چىقتى. ئۇ ناھايىتى روھسىز ھالدا ئىشلەيتتى. ئۇ تېخىچە تولۇق ساقىيىپ بولالمىغانىدى، بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ ناھايىتى قىينالغان ھالدا ئوتتۇرا ماچتىغا يامىشىۋاتقانلىقىنى ياكى بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە رولنىڭ قېشىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئەڭ ئېچىنارلىقى، ئۇنىڭ روھى ئۆلگەندەك قىلاتتى. دېڭىز بۆرىسى رېسىنگە شەرتسىز بويسۇناتتى. ھەتتا باش ياردەمچى يوھانسېنغىمۇ باش ئەگكەندەك قىلاتتى. لېكىن رىچ بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇ پالۇبىدا خۇددى يولۋاس بالىسىدەك دېڭىز بۆرىسى رېسىنگە ئاشكارا ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن ھومىياتتى.

بىر كۈنى كەچتە ئۆنىڭ پالوبىدا تۇرۇپ، يوھانىسنىڭغا:

— ھەي شۇپتسىيىلىك لاي پاچاق، مەن ھامان سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىمەن، — دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم.

باش ياردەمچى قاراڭغۇدا ئۇنى بىرنېمىلەرنى دەپ قارغىدى، ئارقىدىنلا بىرنەرسىنىڭ ئاشخانىنىڭ ياغاچ تېمىغا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىرپەس تىللىغان، مازاق قىلغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممە ئاۋازلار جىمىغاندىن كېيىن، مەن ئۇ يەرگە ئاستا بېرىپ يوغان بىر پىچاقنىڭ تامغا بىر دىيۈيم چوڭقۇرلۇقتا سانجىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يوھانسېن پىچاقنى ئالغىلى كەلدى، لېكىن پىچاقنى مەن ئېلىۋالغانىدىم، ئەتىسى پىچاقنى رىچقا قايتۇرۇپ بەردىم. مەن پىچاقنى ئۇنىڭغا بەرگەندە، ئۇ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويدى، بۇ كۈلكىگە كىشىلەر ئارىسىدا ئىپتىلىدىغان ھەشقاللا ـ رەھمەتلەردىنمۇ سەممىي مىننەتدارلىق يوشۇرۇنغانىدى.

## 11

ئاستىنقى بۆلۈمچە تىنچىق بولغاچقا، مەن يوتقان ـ كۆرپىلىرىمنى ئېلىپ پالوبىغا چىقتىم. ئۇ يەردە

بىرنەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم.
كېمىنىڭ كەينىدىكى رېشاتكىغا ئۇستۇيشى ھۆل بولۇپ كەتكەن بىرى يامىشىۋاتاتتى. كەينىدىنلا قاراڭغۇلۇقتا بىر قول كۆرۈندى. ئارقىدىنلا چاچلىرىدىن سۇ تامچىلاپ تۇرغان باش — دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئوڭ چېكىسى بېشىدىن ئاققان قان بىلەن بويالغانىدى.

ئۇ بىر كۈچەپلا كېمىنىڭ ئىچى تەرەپكە ئۆتتى، ئۇ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندا، مەن ئىختىيارسىز كەينىمگە داجىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇراتتى.

— قورقما، خېمپوللل، — دېدى بوش ئاۋازدا، — باش ياردەمچى قەيەردە؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— يوھانسېن، يوھانسېن! — دەپ بوش ئاۋازدا چاقىرىشقا باشلىدى ئۇ ۋە:

— ئۇ نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى رول تۇتقان ماتروستىن.

— ئۇقمايمەن، خوجايىن. ھېلىراقتا ئۇنىڭ كېمە بېشى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم.

— ئاستىنقى بۆلۈمچىگە چۈشۈپ ئىزدەپ باقايمۇ، خوجايىن؟ — دېدىم مەن. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنى تاپالمايسەن، خىمپولل، مەيلى، كەينىمدىن مالڭ.

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم. كېيمە ئىنتايىن جىمجىت ئىدى.

— بوشراق دەسسەپ مالڭ، — دېدى ئۇ ئاغزىنى قو-لىقىمغا يېقىن ئەكېلىپ، شۇ چاغدا بىز ئالدىنقى بۆ-لۈمنىڭ ئىشىكىگە بۇرۇلغانىدۇق.

مېنىڭ ئالدىنقى بۆلۈمگە تۇنجى قېتىم كېلىشىم ئىدى. بۆلۈمدە سەككىز ئادەم ياتاتتى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتى.

ئۇ پۇلاڭلاپ تۇرغان چىراغپايدىن چىراغنى ئېلىپ ماڭا بەردى. بىز تەكشۈرۈشنى ئوڭ ياقتىكى كارىۋاتلار-دىن باشلىدۇق. ئۈستۈنكى كارىۋاتتا «ئورفوت» لەقەملىك كانانكالىق ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. دېڭىز بۆرد-سى باشمالتىقى ۋە بېگىز قولى بىلەن ئۇنىڭ تومۇرىنى بېسىپ، تومۇر سوقۇشىنى بىلمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا كانانكالىق چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. دېڭىز بۆ-رىسى رېسسىن ئۇنىڭغا ئاۋاز چىقارماسلىقنى ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇ كۆزلىرىنى قايتا يۇمۇۋالدى.

ئاستىنقى كارىۋاتتىكى لۇئى قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى، رېسسىن ئۇنىڭ ئالىقىنىنى سىققاندا، ئۇ ئىختىيارسىز مىدىرلاپ كەتتى. ئۇ تېخىچە چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولسا

كىرەك، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى شىۋىرلايتتى.

دېڭىز بۆرىسى ئۇنىڭ بىلەن كانانكالىقنىڭ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قالغان ئىككى كارىۋاتقا بۆرۈلدى، بىز چىراغ يورۇقىدا بۇ ئىككى كارىۋاتتا رىچ بىلەن جونسوننىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۇق.

دېڭىز بۆرىسى رىپسىن ئېگىشىپ جونسوننىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋاتقاندا، چىراغ تۇتۇپ ئۇنىڭ يېنىدا تىك تۇراتتىم. مەن رىچنىڭ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقۇش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ چوقۇم دېڭىز بۆرىسى رىپسىننىڭ بىرەر شۇملۇق ئويـ لاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى مېنىڭ قولۇمدىكى چىراغ چېقىلىپ كېتىپ، ئالدىنقى بۆلۈم قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەتىمالىم دېڭىز بۆرىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان بولسا كېرەك.

چىلبۆرە بىلەن سۇ كالىسىنىڭ دەھشەتلىك ئېلىـ شىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. مەن دېڭىز بۆرىـ سىنىڭ قاتتىق ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، رىچمۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ۋارقىرىدى. جونسوننىڭ ئۇنىڭ بىللە جەڭ قىلىشىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. قارىـ غاندا، بۇنىڭدىن نەچچە كۈن بۇرۇن ئۇنىڭ پالۋىدىكى باش ئەگكەن ئىتائەتمەن ھالىتى مەقسەتلىك ئوينىغان ئويۇندەك قىلاتتى.

كۆپچىلىك بىرلىشىپ كاپىتان بىلەن ئۇنىڭ

ياردەمچىسىنىڭ جېنىنى ئالماقچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. چۈنكى، چىقىۋاتقان ئاۋازلاردىن مەن باشقىلارنىڭمۇ جونسون بىلەن رېچكە ياردەم قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالغانىدىم.

— كىمدە پىچاق بار؟ — دەپ ۋارقىرىدى رېچ.

— ئۇنىڭ بېشىغا ئۇرۇڭلار! مېڭىسىنى ئېزىۋې-تىڭلار! — جونسونمۇ ۋارقىرىدى.

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىر ھۆركىرەپلا جىمىپ كەتكەنىدى. ئۇ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شەپقەت-سىز، جىمجىت ھالدا كۆرەش قىلىۋاتاتتى. ئۇ قورشاۋدا قالغان بولۇپ، دەسلىپىدىلا پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. مەن ئۇنىڭ قانچىلىك كۈچتۈڭگۈر بولۇشى-دىن قەتئىينەزەر، ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىل-دىم.

مەن رېچنىڭ:

— ھەممىڭلار قول سېلىڭلار، بىز ئۇنى ئاخىر تۇ-تۇۋالدۇق، بىز ئۇنى تۇتۇۋالدۇق! — دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

— كىم ئۇ؟! — ئەمدىلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغانلار نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئۇقمايتتى.

— ھېلىقى قانخور ياردەمچى بولمامدۇ! — دېدى رېچ قۇۋلۇق بىلەن، ئۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئالقىشقا ئېرىشكەن بولسا كېرەك،

بىر نەچچە ئەركەك دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئالدىنقى بۆلۈمدىكىلەر خۇددى ئۈزۈسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەندى.

— ھەي، نېمە ئىش يۈز بەردى، تۆۋەندە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

مەن روتمورنىڭ كېمە بۆلۈمىنىڭ كىچىك ئىشىكىنى نىشانلاپ تۆۋەنگە قاراپ توۋلىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇ تۆۋەندىكى دەھشەتلىك ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالغانىدى، لېكىن ئۇ تۆۋەنگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، قاتتىق پاتىپاراقچىلىق بولۇپ كەتكەندى. ئۇلار بىر – بىرىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى خورىتىۋالغانىدى، دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسىتى بولغاچقا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەتتى. ئۇ يول ئېچىپ شوتا تەرەپكە بېرىشقا تىرىشاتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ بولسىمۇ، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن شۇ تەرەپكە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. ئۇ شوتا يېنىغا كېلىۋالدى. ھەممىنى بېسىپ چۈشەلەيدىغان كۈچتۈڭگۈر ئادەملا شۇنداق قىلالايتتى. لېكىن كۆپچىلىك ئۇنى شوتىدىن تارتىپ چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى، ئۇ بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇشۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن شوتىغا يامىشىشقا باشلىدى.

روتمور چىراغ ئېلىپ كېلىپ تۆۋەنگە تۇتتى، دېڭىز بۆرىسى شوتىنىڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقىپ بولاي دې-گەندى، بىرنەچچە ئادەم يەنىلا ئۇنى قويۇپ بەرمەي تۆۋەنگە تارتىۋاتاتتى.

— تۆۋەندىكى كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى روتمور.

ئادەملەر توپى ئىچىدىن «مەن رېسسىن» دېگەن بو-غۇق ئاۋاز ئاڭلاندى.

روتمور بىر قولىنى تۆۋەنگە سۇندى، مەن بىر قولنىڭ يۇقىرىغا سۇنۇلغانلىقىنى كۆردۈم. ئارقىدىنلا دېڭىز بۆرىسى رېسسىن يەنە بىر قولى بىلەن بۆلۈمچە ئاغزىنىڭ بىر يېنىنى تۇتتۇۋالدى. ئادەملەر توپى يەنىلا شوتا ئەتراپىدا تۇرۇۋېلىپ قەبىھ دۈشمەننى پەسكە چۈ-شۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بۆلۈمچە قاپقىقىنى تېپىپ يېپىۋەتكەندىن كېيىن، ئادەملەر بىر ـ بىرلەپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

## 12

شوتىدىن چۈشۈپ كەتكەنلەر بىرپەس تىللاشتى ۋە بۇ كېمىدىكى ئۇرۇشۇشنى ئەتىسى قانداق چۈشەندۈرۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىشكە باشلىدى.

مەن تېخىچە ئۆزۈمنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن ۋايىم يەيتتىم. ئەگەر ئۇلار مېنى بايقاپ

قالسا، ئۇلار مېنى نېمە قىلىۋېتەر؟ مېنى قانداق قىس-مەت كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ دەل شۇ چاغدا روتمور قاپقاقنى ئېچىپ ۋارقىرىدى:

— خېمپولل، بوۋاي سېنى چاقىرىۋاتىدۇ!

— ئۇ بۇ يەردە يوق، — دەپ جاۋاب بەردى پاتسون.

— مەن بۇ يەردە، — دېدىم مەن كارىۋاتلار ئارىسىدىن قىستىلىپ چىقىپ، مەن ئۆزۈمنى باتۇر كۆرسىتىشكە تىرىشاتتىم.

ماتروسلار چۆچۈشكىنىچە ماڭا قاراشتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن قاتتىق قورقۇنچ ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ياۋۇزلۇق بىلىنىپ تۇراتتى.

— مانا، مەن كەلدىم، — دېدىم مەن روتمورغا يۇ-قىرى ئاۋازدا.

— سەن كەتسەڭ بولمايدۇ، ھۇ نومۇسسىز شەيتان! سېنىڭ ئاغزىڭنى زۇۋان سۈرمەس قىلىۋەتمەيدىغان بول-سام! — دېگىنىچە كېللېر پەلەمپەي ئېغىزىدا ئالدىمنى توستى.

— ئۇنى قويۇۋەت! — دېدى رىچ ئۇنىڭغا.

بۇ ئىرلاندىيىلىك نائىلاج مېنى قويۇۋەتتى.

— ماڭا ئىشىنىڭلار، ھېچنېمىنى كۆرمىدىم، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

مەن شوتىغا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا، رىچنىڭ «ئاڭ-لىدىڭلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى، ئۇ ياخشى ئادەم، ئۇ ھېلىقى

قىرىغا ئوخشمايدۇ، سىلەرگە ئوخشمايدۇ، ماڭىمۇ ئوخشمايدۇ» دېگىنى ئاڭلاندى.

مەن كېمە بۆلۈمچىسىدە دېڭىز بۆرىسى رېسىنىنى كۆردۈم، ئۇ كېمىلىرىنى سېلىۋېتكەن بولۇپ، يارىسىدىن قان ئېقىۋاتاتتى، ئۇ مېنى ساقلاپ تۇرغانىكەن.

— دوختۇر، كېلىپ ئىشنى باشلىغىن.

شۇنداق قاتتىق ئېلىشىشتا ئۇنىڭ يېنىك يارىلانغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. مەن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ قويدۇم. دېڭىزغا تاشلىۋېتىلىشتىن بۇرۇنقى ھۇجۇمدا ئۇنىڭ بېشى زەربىدىن نەچچە دىيۈيم چوڭلۇقتا يېرىلغانىدى. مەن ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يارا ئېغىزىنى يۇيۇپ تازىلاپ تىكىپ قويدۇم.

— مەن سېنى ناھايىتى قابىلىيەتلىك دەپ ئېيتقانتىمغۇ، خېمپولىل، — دېدى ئۇ مەن ئىشنى تۈگەتكەندە، — بىزگە ھازىر بىر باش ياردەمچى كېرەكلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن، بۇنىڭدىن كېيىن سەن نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىسەن، ئايلىق ئىش ھەققىڭ 75 دوللار، كېمىدىكىلەر ئەمدى سېنى ۋان ۋېيدېن ئەپەندىم دەپ چاقىرىدۇ.

— مېنىڭ... مېنىڭ دېڭىزچىلىقتىن ئازراقمۇ خەۋىرىم يوقلۇقىنى سىز ئوبدان بىلىسىز، — دېدىم مەن ھودۇققىنىمچە.

— ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق.

— مەن راستىنلا ئەمەل تۇتۇشنى خالىماي-مەن، — دېدىم مەن قارشىلىق كۆرسىتىپ.

ئۇ كۈلۈمسىرەپلا قويدى. قارىغاندا، ئۇ بىر قارارغا كېلىپ بولغان ئوخشايدۇ.

— بۇ جىن ئۇرغان كېمىدە باش ياردەمچى بولۇشنى خالىمايمەن، — دەپ قاپ يۈرەكلىك بىلەن غۇدۇرىدىم مەن.

مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ جىددىي تۈسكە كىرگەنلى-كىنى، كۆزلىرىدىن بىر خىل سوغۇق نۇر چاقنىغانلى-قىنى كۆردۈم.

— خەيرلىك كەچ، ۋان ۋېيدېن ئەپەندىم، — دېدى ئۇ بۆلۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ.

— خەيرلىك كەچ، رېسسىن ئەپەندىم، — دېدىم مەن-مۇ خۇشياقمىغاندەك قىلىپ.

## 13

يوھانسېن ئۆلگەن كېچىسى مەن ئۇنىڭ ئورنىغا باش ياردەمچى بولغاندىن تارتىپ دېڭىز يىلپىزى ئوۋ-لايدىغان جايغا بارغىچىلىك بولغان مەزگىلدە، «ئالۋاس-تى» ناملىق كېمىدە كۈنلىرىم ئىنتايىن خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتتى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن مېنى ئىنتايىن

قەدىرلەپ ئىشلەتتى، ماتروسلارمۇ مەندىن ياردەمنى ئا-يىمىدى. ئاشپەز بىلەنمۇ قايتا سوقۇشۇپ باقمىدىم. شۇنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئىچىمدە ئازراق كۆرەڭلىك باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالغاندىم. دېڭىزچىلىقتىن ئازراقمۇ خەۋىرى يوق ئا-دەمنىڭ باش ياردەمچى بولۇپ قېلىشى (گەرچە بۇ كۆن-لەر پات ئارىدا ئاخىرلىشىدىغان بولسىمۇ) ھەقىقەتەن غەلىتە ئىش ئىدى. مېنىڭ ئەڭ خۇشال كۆنلىرىم مۇشۇ دېگىنىممۇ ئانچە توغرا ئەمەس ئىدى. بۇ پەقەت سې-لىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىلگىرىكى زور بەختسىزلىكىم بىلەن كەلگۈسىدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكىم ئوتتۇ-رىسىدىكى بىرقەدەر خاتىرجەمرەك ئۆتكەن چاغلار ئىدى، خالاس. ماتروسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئالۋاستى» ناملىق كېمە ناھايىتى ئوسال ئالۋاستى كېمە ھېسابلىناتتى. ئۇلارغا ئەمدى مەڭگۇ ئاراملىق ۋە تىنچلىق يوق ئىدى. دېڭىز بۆرىسى رېسىن ئۇلارنىڭ قاتتىق ئورۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغانلىقى، كۆزدىن يوقاتماقچى بول-غانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى كولدۇرلىتاتتى. رېچ بىلەن جونسون دېڭىز بۆرىسىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان موللا بوزىكى ئىدى. جونسوننىڭ كۆزلىرىدە ئىپادىلەن-گەن چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت ئالامەتلىرىنى كۆرگىنىمدە، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتى.

رېچ ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قاراملىق

دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭكىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇلار پالوبىدا ئۇچرىشىپ قالسىلا بىر ـ بىرىنى قارغى-شاتتى، ھۆركىرەيتتى، قاتتىق مۇشتلىشاتتى. مەن رېچ-نىڭ دېڭىز بۆرىسىگە تۇيدۇرماي ئۇنىڭ ئۇستىگە تاش-لانغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. بىر قېتىم ئۇ يوغان بىر پىچاقنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتقان، پىچاق ئۇنىڭ كانى-يىغا سانجىلغىلى تاس قالغانىدى. يەنە بىر قېتىم ئۇ ئويچە بۆلۈمگە غىپپىدە كىرىپ، ئوقلانغان ئوۋ مىلتى-قىنى پالوبىغا ئېلىپ چىقىپ، رېسسىننى ئېتىۋەتمەك-چى بولغاندا، باشقىلار ئۇنى توسۇۋېلىپ، مىلتىقنى ئۇ-نىڭ قولىدىن ئېلىۋالغانىدى.

مەن دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋې-تىپلا قۇتۇلمىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمەيتتى. ئۇ بولسا كۆلۈپلا قوياتتى. قارىغاندا، بۇنداق ئىشلار ئۇنىڭغا مۇ-شۇك ـ چاشقان ئويۇنىدەك بىلىنگەن بولسا كېرەك.

— بۇ تۇرمۇشقا جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىدۇ، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — ھايات دېگەن ئۆزۈڭنىڭ قولىدىكى نەرسە، ئادەم دېگەن تۇغما قىمارۋاز، جان بولسا ئۇنىڭ قولىدىكى ئەڭ چوڭ دو. تۇرمۇش قانچىكى ئېگىز ـ پەس، ئەگرى ـ توقاي كەچۈر-مىشلەرگە تولغان بولسا، كىشىگە شۇنچە زوق ـ لەززەت بېغىشلايدۇ. رېچنىڭ روھىنىڭ غالجىرلىشىپ چەككە يەتكەنلىكىنى قانداقمۇ ئىنكار قىلاي؟ شۇڭا ئۇنى

ئۆلتۈرمەيمەن.

كەچلىك دىجورنىلىق قىلىۋاتقاندا، مەن جونسون، رىچ ئىككىسى بىلەن سۆھبەتلەشتىم، ئەينى چاغدا دېڭىز بۆرىسى رېسسىن پالوبىدا يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن — جونسون تۇغما ئۈمىدسىز كىشى ئىدى؛ رىچ بولسا يەڭگىللى بولمايدىغان كۆرەشتە مەغلۇپ بولۇپ، كۈچ ـ مادارىدىن كەتكەنىدى. بىراق، بىر كۈنى كېچىدە ئۇ مېنىڭ قولۇمنى قىسقىغىنە سىقىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭچە، سىز ناھايىتى ئادىل ئادەم، ۋان ۋېيدېن ئەپەندى. ئەمما سىز ئورنىڭىزنى مۇستەھكەملەپ تۇرۇڭ، بىر نېمە دېمەڭ، تاماشا كۆرسىڭىزلا بولدى. بىز ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز، ئەمما ھېچقىسى يوق، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىزگە ھاجىتىمىز چۈشسە، بىزگە ياردەم قىلارسىز، — دېدى.

ئىككىنچى كۈنى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن جونسونغا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۆزىمۇ رىچنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ئۇ ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ بولغاندىن كېيىن:

— رىچ، سېنى بەرىبىر ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىمنى بىلىدىغانسەن؟ — دېدى.

رىچ قاتتىق ھۆركىرەپ كەتتى.

— ساڭا كەلسەك، جونسون، سەن ئاللىقاچان جېنىڭدىن تويغان بىرنېمە، جېنىڭنى ئېلىشىمدىن بۇرۇنلا

دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋالىسەن، چوقۇم شۇنداق قىلىسەن.

— بۇ بىر خىل بېشارەت، — دېدى ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ، — مۇشۇ ئىشتا مەن سەن بىلەن بىر ئايلىق ئىش ھەققىگە دو تىكەلەيمەن.

مەندە بىر خىل ئۈمىد تۇغۇلغاندى، ئۇ ئىككىسىنىڭ تاتلىق سۇ قاچىلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، بىراق دېڭىز بۆرىسى رېسىن ئۇلارغا بۇ پۇرسەتنى بەرمىدى.

بىر كۈنى مەن جونسوننىڭ ئالدىنقى بۆلۈمىنىڭ بېشىدا كېمە تېگىدىكى توختىماستىن ئايلىنىۋاتقان چاقپەلەككە قاراپ ھاڭۋاقىنىچە پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ تۇپتۇز ھالەتتە ياتقانلىقىنى كۆردۈم - دە، شۇئان دېڭىز بۆرىسىنىڭ بېشارىتى ئېسىمگە كېلىپ قورقۇپ كەتتىم. ئۇنىڭ بېشارىتى رېئاللىققا ئايلىنىدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋېتىش ئۈچۈن، ئۇنى بۇ يەردىن كېتىشكە بۇيرۇدۇم. بىراق ئۇ ماڭا قاراپ ئازابلىق كۈلۈپ قويدى - دە، سۆزۈمگە پىسەنت قىلمىدى.

كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بارغىنىمدا، رېج چىقىپ كەلدى.

— ماڭا ياردەم قىلىسىڭىز، ۋان ۋېيدېن ئەپەندىم، — دېدى ئۇ، — سىز ئەگەر سان - فرانسىسكوغا سالامەت قايتالىسىڭىز، دادام مارت ماكسىينى يوقلاپ

ئۆتەرسىزمۇ؟ ئۇ خىيىردا ئولتۇرىدۇ. «سۇمبۇل چاچ» بولىكخانىسىنىڭ كەينىدە، بىر مۇزدۇزخانىسى بار، ئۇنى ھەممە كىشى تونۇيدۇ، ناھايىتى ئوڭاي تاپالايسىز. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويسىڭىز، مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم ئۇنىڭغا ئاۋارىچىلىك سالدى، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراي-مەن، مېنىڭ ئورنۇمدا «تەڭرىم سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن» دەپ قويارسىز.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

## 14

بىز ياپونىيە دېڭىز قىرغىقى كۆرۈنگىچە غەربىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، ناھايىتى نۇرغۇن دېڭىز يىلپىزلىرى توپىغا يېتىشىۋالدۇق. ھازىر، ئۇلار ئۆتكەن يىللاردىكىدەك بېرىنگ دېڭىز بوغۇزىدىكى ئۇۋىسىغا قاراپ كۆچۈۋاتقان پەسىل ئىدى. بىز ئۇلارغا ئەگىشىپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. ئۇلارنى تۇتۇپ تېرىسىنى سويۇۋې-لىپ تۇزلاپ قوياتتۇق، گۆشىنى بولسا ئاكۇلاغا تاشلاپ بېرەتتۇق، تېرىسىدىن شەھەرلىك خانىملار ياقتۇرىدىغان مۇرە بېزەكلىرى تىكىلەتتى.

بىر كۈنلۈك ئوۋدىن كېيىن پالوبا دېڭىز يىلپى-زىنىڭ تېرە ۋە ئۆلۈكلىرى بىلەن توشۇپ كەتتى، ماي ۋە قاندىن پالوبا ناھايىتى تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى.

سۇ چىقىرىۋېتىش تۆشۈكىدىن قان توختىماي ئاقاتتى. ئارقان ۋە رېشاتكىلارمۇ قان رەڭگىگە كىرگەنىدى. ماتروسلار خۇددى قاسساپلاردەك توختىماستىن ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستىۋاشلىرى قان يۇقى ئىدى. مەن قولۋاقتىن ئېلىپ چىقىلغان دېڭىز يىلپىزى ئۆلۈكلىرىنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ماتروسلارنىڭ دېڭىز يىلپىزىنىڭ تېرىسىنى سويۇش، پالوبىنى يۇيۇپ تازىلاش ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل ئىدىم. بۇ ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان خىزمەت بولۇپ، ئىچىمنىشلىق بۇ مەنزىرىگە پەقەتلا چىدىيالماي قالدىم، ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ كەتتى، بىراق بۇ ئىشلارغا مەسئۇل بولۇش، باشقىلارغا بۇيرۇق بېرىش مەلۇم تەرەپتىن قارىغاندا ماڭا پايدىلىق ئىدى، ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمنى خېلىلا ئاشۇراتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىمگە قايتالمايدىغانلىقىمنى ئاستا ـ ئاستا ھېس قىلىشقا باشلىدىم. گەرچە مېنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىد ـ ئىستەكلىرىم دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ ۋەھشىيانە تەنقىدلىرىگە تاقابىل تۇرالىسىمۇ، ئۇ پەقەت مېنىڭ كىچىك ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيەمنىلا ئۆزگەرتكەنىدى. ئۇ ماڭا بۇرۇن پەقەتلا بىلمەيدىغان، ئېتىبار بىلەن قاراشقا مەڭگۇ جۇرئەت قىلالمايدىغان بىر رېئال دۇنيانى تونۇتقانىدى. مەن ئەمدى كىشىلىك ھاياتنى تېخىمۇ ئىنچىكىلىك



بىلەن كۆزىتىشنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇ دۇنيادا رېئاللىق دېگەن نەرسىنىڭ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم، ھاياتلىقتىكى كونكرېت، ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە باھا بېرەلەيدىغان بولدۇم.

بىز دېگىز يىلپىزى توپى ئىچىدە كېتىۋاتاتتۇق، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كېمىدىكى ھەممە كىشى قولۋاق بىلەن ئوۋغا چىقىپ كېتەتتى، كېمىدە دېگىز بۆرىسى رېسىن بىلەن ئىككىمىزلا قالاتتۇق، ئاشپەزمۇ قالاتتى، بىراق ئۇ سانىنىڭ ئىچىگە كىرمەيتتى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنى ئەڭ ئاخىرقى قولۋاقنىڭ يېنىغا شامالغا قارشى يۆنىلىش بويىچە ھەيدەپ ئاپىرىش ئىدى. بۇنداق قىلغاندا قولۋاقلارنى بوران ـ چاپقۇن كۆتۈرۈلگەن ياكى ھاۋا ناچار بولغاندا، ناھايىتى ئاسانلا شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە بىزنىڭ يېنىمىزغا ھەيدەپ كەلگىلى بولاتتى.

ئىككىمىز ئۈچۈن بۇ ئىشلار ئاسانغا توختىمايتتى، بولۇپمۇ قاتتىق شامال چىققاندا «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنىڭ رولىنى باشقۇرۇش، قولۋاقلارغا كۆز ـ قۇلاق بولۇش، يەلكەننى چىقىرىپ ـ چۈشۈرۈشلەر ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. مېنىڭ بۇلارنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋېلىشىمغا توغرا كېلەتتى. مەن رول تۇتۇشنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالدىم، بىراق ماچتىنىڭ ئۈچىدىكى توغرا ياغاچقا يامىشىپ چىقىپ، ئارقان شوتىدىن

ئايرىلىپ، ئىككى قولۇمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئېسىلىپ تۇرۇپ يۇقىرىغا يامىشىش بەكلا تەس ئىدى. لېكىن، بۇنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم، چۈنكى مەندە بىر خىل قاراملىق باردەك قىلاتتى، دېڭىز بۆرىسى رېسىنىگە ئەقلىي ئەمگەكتىن باشقىمۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق ياشاش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىماقچى ئىدىم. كېيىن ماچتىنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ چىقىپ، ناھايىتى خەتەرلىك شارائىتتا تۇرۇپ، دۇربۇن ئارقىلىق دېڭىزدىكى قولۋاقلارنى كۆزىتىشنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى قولۋاقلار بالدۇرلا دېڭىزغا چىقىپ كەتتى، ئوۋچىلارنىڭ مىلتىق ئاۋازى بارا ـ بارا يىراقلاپ ئاڭلانماي قالدى. ئالتە دانە قولۋاق دېڭىز يىلپىزلىرىنى قوغلىشىپ ئۇپۇق سىزىقىدا غايىب بولدى. بىز كۆپكۆك دېڭىزدا لەيلەپ تۇراتتۇق، قولۋاقلارغا قانداق قوغلاپ يېتىشنى بىلەلمەي قالدۇق، دېڭىز بۆرىسى رېسىن ناھايىتى تىت ـ تىت بولدى. بارومېتىر كۆرسەتكۈچى تۆۋەنلەشكە باشلىدى، كۈنچىقىش تەرەپنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشى رېسىننى غەمگە سېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئەتراپنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى.

—— ئەگەر شامال شۇ ياقتىن قاتتىق چىقىپ بىزنى شامال ئۇرۇلىدىغان ياققا ئاپىرىپ قويسا، ئوپچە بۆلۈم ۋە

ئالدىنقى بۆلۈمدىكى كارىۋاتلارنىڭ ھەممىسى بوش قا-
لىدۇ، — دېدى ئۇ.

چىڭقى چۈش مەزگىلىدە، گەرچە بىز شىمالىي مېرد-
دىئان سىزىقىدىن بىرنەچچە گرادۇس ئۆتكەن بولساقمۇ،
ئەتراپ ناھايىتى تىنچىق بولۇپ ئازراقمۇ شامال يوق
ئىدى. شەرق تەرەپ ئاستا-ئاستا تۇتۇلۇپ، بۇلۇتلار بې-
شىمىز ئۇستىگە يېتىپ كەلدى.

— ئادەتتىكى بوران-چاپقۇن ئەمەس، — دېدى رېس-
سىن، — قارىغاندا تەگرىم ھەممە كۈچىنى ئىشقا سالد-
دىغاندەك قىلىدۇ. خېمپولىل، قولۋاقلارنىڭ يېرىمى ساق
قالسا بولاتتىغۇ، تېز بارغىن، ئوتتۇرا يەلكەننى بوشى-
تىۋەت.

— ئەگەر بوران قاتتىق چىقىپ كەتسە، ئىككىمىز
قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— شۇنى دېمەمسەن، بىز بوران يەلكەننى يىرتىۋې-
تىشتىن بۇرۇن قولۋاقلارغا يېتىشىۋېلىشىمىز كېرەك.
ماچتىغۇ چىداشلىق بېرەلەيدۇ، بىراق ئىككىمىز تازا
كۈچىمىسەك بولمايدۇ.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كېمە پالوبىسىغا چىق-
تۇق، دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ چىرايى كەسكىن تۈس
ئالغان بولۇپ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلىرىدىنمۇ بىر خىل
كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. كۆزلىرى كۆكۈچ رەڭگە
كىرگەنىدى، كۆزلىرىدە بىر خىل كۆكۈچ نۇر چاقناپ

تۇراتتى. مەن بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ناھايىتى خۇشال ئىكەن-لىكى، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان كۇرەش خۇشال-لىقىغا چۆمگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ تۇرمۇشنىڭ بو-ران - چاپقۇنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان، ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ناھايىتى مۇھىم بىر ۋاقىتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەندەك، ئۇ ھەم چۆچۈش، ھەم خۇ-شاللىق ئىلكىدە بۇ دەقىقىلەرنى كۇتۇۋالىدىغاندەك قى-لاتتى.

— ھەي ئاشپەز، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — ئالدىنقى ماچتىدىكى ئاسما خادىنىڭ چىغرىقىنى بوشىتىۋەتكىن، يەلكەننىڭ ئارغامچىلىرىنى بوشىتىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ. چىغرىقنى چىڭ تۇتساڭلا بولدى. ئەگەر چاتاق چىقىد-غان بولسا، بۇگۇن سېنىڭ ئەجىلىڭ توشىدۇ، ئۇقتۇڭ-مۇ؟

— ۋان ۋېيدېن ئەپەندى، سەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ كېمە تۇمشۇقىدىكى يەلكەننى بىر ئايلاندۇرغىن، ئاندىن ئوتتۇرا يەلكەنگە ئۆت، ئۇ ناھايىتى تېزلا كۆپسۇن، قانچە تېز كۆپسە شۇنچە ياخشى، ئەگەر ئاشپەز ياخشى ئىش-لىمىسە، باش - كۆزىنى ئۇرۇپ يېرىۋەتسەڭمۇ بولىدۇ!

— كېمە گىرۋىكىنىڭ كەينى شامالغا يۈزلىنىشى كېرەك، — دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۇرۇپ، — ئەڭ ئاخىرقى ئوق ئاۋازىغا قارىغاندا، قولۋاقلار جەنۇبقا قاراپ سۇرۇل-گەندەك قىلىدۇ.

شامال كۈچىيىشكە باشلىدى، يەلكەنلەر كۆپۈپ، «ئالۋاستى» ناملىق كېمە قوزغىلىشقا باشلىدى. دېڭىز بۆرىسى رېيسىن رولنى تولۇق ئايلاندۇرۇپ كېمىنى سولغا بۇرىدى، بىزمۇ ھەرىكەتنى باشلىدۇق. شامال كۈچىيىپ، دېڭىزدا زور دولقۇن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— ئەمدى دورېۇن بىلەن قولۋاقلارنى كۆزەتكىن. بىز ھازىر ئاز دېگەندىمۇ 12 ـ 13 دېڭىز مىلى ئىلگىرىلىدۇق.

مەن ئالدىنقى ماچتىنىڭ پالوبىدىن يەتمىش فۇتچە ئېگىزلىكتىكى توغرا ياغىچىغا يامىشىپ چىقتىم. كېمە يۇقىرىدىن ئۈرۈلگەن شامالدا بىر چايقىلىۋىدى، كۆزلىرىم ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ، خۇددى سائەتنىڭ مايانتىنىكىغا ئوخشاش بوشلۇقتا پۇلاڭلاپ كەتتىم ـ دە، بۇنداق كۆزنى ئىمىر ـ چىمىر قىلىدىغان تەۋرىنىشتىن قورقۇپ كېتىپ، ماچتىغا چىڭ چاپلىشىۋالدىم. مەن توختىماستىن تىترەيتتىم، بىراق قولۋاقتىكى ماتروسلارنى ئويلاپ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم ـ دە، ئۆزۈمنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۇلارنى ئىزدەشكە باشلىدىم، بىرەر سائەتتىن كېيىن مەن ئۇيۇقتا ناھايىتى يېقىن جايدا تۇرغان بىر چېكىتنى كۆردۈم. قارا چېكىت دولقۇنلار ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپلا، كېيىن كۆرۈنمەي قالدى. چېكىت يەنە بىر قېتىم كۆرۈنگەندە مەن دېڭىز بۆرىسى رېيسىنگە ئىشارەت ئارقىلىق بۇنى ئۇقتۇردۇم، ئۇ ماڭا قايتىپ چۈش

دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ چۈشكىنىمدە، ئۇ مېنى كېمىنىڭ بېشىنى شامالغا قارشى يۆنىلىشكە بۇراپ توختىتىشقا بۇيرۇدى.

— ئىبلىس دوزاختىن قېچىپ چىقىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — بىراق سەن قورقما، ئىشىڭنى ياخشى قىلساڭلا بولىدۇ. ئاشپەز ئالدىنقى يەلكەننىڭ ئارغامچىسىنى تارتسۇن.

دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كېمىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭلا قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بەردى. دولقۇن ئىچىدە نەپىسىم سىقىلىپ، ھېچنېمىنى بىلەلمەي قالدىم، قوللىرىم ئارقانني تۇتالماي قېلىۋاتاتتى، دولقۇن زەربىسىدە ئۇياق ـ بۇياققا سوقۇلاتتىم. دېڭىز دولقۇنى مېنى كېمە تۇمشۇقىغا ئىتتىرىپ ئاپىرىپ قويدى، بىراق بۇلارغا پەرۋا قىلمىدىم، پەقەت ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك يەلكەننى تارتىۋېلىشنىلا ئويلايتتىم. مەن پالوبىغا يامىشىپ چىقىپ، يەلكەن ئارغامچىسىغا يامىشىپ تۇرۇپ قولۋاقلارغا قاراشقا باشلىدىم. ئۈچبۇلۇڭ شەكىللىك يەلكەن شامالدا قاتتىق لەپەڭلەپ، ھەربىر قېتىم بوشاپ ـ چىڭىغاندا قاراسلىغان ئاۋاز چىقىراتتى، بوران ھەربىر ئۇرغاندا، مەن كۈچەپ يەلكەننى ئايلاندۇراتتىم. شۇ تەرىقىدە يەلكەننى ئاستا ـ ئاستا جايىغا ئېلىپ كەلدىم. بارماقلىرىم قاناپ كەتتى.

— تېز بۇياققا كەل! — دەپ ۋارقىرىدى دېگىز بۆ-رىسى رېسسىن.

مەن ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردىم، «ئالۋاستى» ناملىق كېمە شامالغا قارشى يۆنىلىشتە توختاپ قالغانىدى. باشقا يەلكەنلەر چۈشۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇچبۇ-لۇڭلۇق يەلكەن شامالدا لەپەڭلەپ تۇراتتى، ئاساسىي يەلكەن يىغىۋېتىلدى، ئۇلار كېمىنى قاتتىق دولقۇنلار ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلىتەلەيتتى.

شامال ئۇرۇلۇۋاتقان تەرەپتىكى يىگىرمە فۇتمۇ كەلمەيدىغان دېڭىز يۈزىدە بىر قولۋاق كۆرۈندى. بىز كېمىنى يېنىغا ھەيدەپ بېرىشىمىزغا دولقۇن قولۋاقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋەتتى، كېمىمىز دولقۇننىڭ ئاستىدا قال-دى، قولۋاق دولقۇنغا ئەگىشىپ ئۈستىمىزگىلا كېلىپ قالدى، مەن قولۋاقتا ئۈچ ئادەمنىڭ بويۇنلىرىنى سوزۇپ بىزگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بىراق بىرئازدىن كېيىن بىزنىڭ كېمىمىز كۆتۈرۈلگەندە، ئۇلار پەستە قالدى. مەن بىر مۆۋاپىق پۇرسەتنى تېپىپ چىغىرىقنىڭ ئارغامچىسىنى كانانگالىققا سوندۇم، دېڭىز بۆرىسى رېسسىنمۇ چىغىرىقنىڭ ئارغامچىسىنى كوفېدقا تاشلاپ بەردى. ئىككى ئارغامچىنىڭ ئۇچى قولۋاقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىلىندى، ئۇلار ئۇچىسى كۆتۈرۈلگەن دولقۇن بىلەن بىللە كېمىگە سەكرەپ چىقىۋالدى. دولقۇن قايتا كۆتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن مەن قولۋاقلارنى كېمىگە تارتىپ

چىقىرىۋېلىپ، پالۋىمغا دۈم قىلىپ قويدۇم.

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن مېنى ماچتىنىڭ توغرا ياغىچىغا يەنە چىقىپ، باشقا قولۋاقلارنى دۈربۈن بىلەن ئىزدەشنى بۇيرۇدى. يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەن يەنە بىر دانە قولۋاقنى كۆردۈم، قولۋاق دۈم كۆمتۈرۈلگەن ھالدا سۇدا لەيلەپ يۈرەتتى، جارك خېنا، سىمىز لۇئى ۋە جونسونلار ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالغا-نىدى. بىز ئالدىنقى قېتىمقىدەك قولۋاقتا يېقىنلاشتۇق، چىغرىقنى چىڭىتىپ، ئارغامچىنى ئۇلارغا تاشلاپ بەر-دۇق. ئۇلار خۇددى مايمۇندەك ئارغامچىغا يېپىشىپ، تېزلا كېمىگە چىقىۋالدى.

«ئالۋاستى» ناملىق كېمە يەنىلا بۇرۇنقىدەك دول-قۇنلار ئارىسىدا بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيىپ، قاتتىق ھۇشقىتىۋاتقان بوران - چاپقۇن ئىچىدە بورانغا قارشى ئىلگىرىلىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە مەن ئۈچىنچى قول-ۋاقنى بايقىدىم. قولۋاق دۈم كۆمتۈرۈلگەن بولۇپ، مات-روسلار كۆرۈنمەيتتى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن كېمىنى شامال يۆنىلىشى بويىچە ھەيدەپ باردى. بىراق بۇ قېتىم بوران كېمىنى قولۋاقتىن 40 فۇت نېرىسىغا ئاپىرىۋەت-كەچكە، قولۋاق كېمىنىڭ قۇيرۇق قىسمىنىڭ ئارقى-سىدا قالدى. ئۈچ ماتروس غايىب بولغانىدى، دېڭىز بۆ-رىسى رېسسىن ھېچنېمىگە قارىماي ھېلىقى قولۋاقنى قوغلاپ يەتمەكچى بولدى، خېنا بىلەن كوفېد ئۇنىڭغا

قارشى چىققان بولسىمۇ، رىبىسىن ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمىدى.

— قانچىلىك زور بوران ـ چاپقۇن بولۇشىدىن قەت ـ ئىينەزەر، بىرەر قولۋاقنىمۇ بورانغا تارتقۇزۇپ قويمايمەن، — دەپ ھۆركىرىدى ئۇ.

ئۇ كېمە رولىنى تولۇق ئايلاندۇرۇپ، كېمە بېشىنى بۇرىدى، ئوۋچىلار ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، خەتەرلىك پەيتتىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن تىركىشەتتى. مەن يەنە كۈچلۈك دولقۇننىڭ ئىچىدە قالدىم، جاننى ساقلاپ قې ـ لىش ئۈچۈن ئالدىنقى ماچتىنىڭ تۆۋىنىدىكى رېشاتكى ـ نى چىڭ تۇتۇۋالدىم، شۇ چاغدىلا خەتەرنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى ھېس قىلدىم. بىراق بارماقلىرىم سىيرى ـ لىپ چىقىپ كېتىپ، دولقۇن زەربىسىدىن دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتىم، مەن سۇ ئۈزۈشنى بىلمەيتتىم، تەلى ـ يىمگە سۇغا چۆكۈپ كېتىش ئالدىدا دولقۇن مېنى يەنە يۇقىرىغا ئېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا بىر كۈچلۈك قول مېنى تۇتۇۋالدى، «ئالۋاستى» ناملىق كېمە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققاندا، ئاندىن مېنى جونسوننىڭ قۇتۇلدۇرۇ ـ ۋالغانلىقىنى بىلدىم. ئۇ ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن سەپسالاتتى، بىراق ھېلىراقتا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن كېلىلېر كۆرۈنمەيتتى.

ئەتراپ قاراڭغۇ بولغاچقا، قولۋاقلارنى كۆرگىلى بولمىدى. بىراق دېڭىز بۆرىسى رېبىسىن ئاجايىپ كارا ـ

مەت ئىگىسىدەك غايەت زور دولقۇنلار ئىچىدە كېمىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئايلاندۇراتتى. بۇ قېتىم سۇغا چىلىشىپ كەتكەن بولساقمۇ، دولقۇننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىدۇق، لەيلەپ چىققان قولۋاق ئالدىمىزدا تۇراتتى، بىز ئۇنى كېمىگە تارتىپ چىقارغاندا، ئۇنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەنىدى.

— بىر ئەبجەق قولۋاقنى كىللىرنىڭ جېنىغا تېگىشكىنىمىز تازا ئەرزىمەس ئىش بولدىغۇ دەيمەن، — دېدىم مەن دېڭىز بۆرىسى رىسىنگە.

— كىللىرنىڭ جېنىمۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، — دېدى ئۇ جاۋابەن.

## 15

ئىككىنچى كۈنى بوران ئاستا ـ ئاستا پەسەيدى. بىز «ئالتۇنتاغ» ناملىق كېمىدىن ئىككى قولۋاقنى تاپتۇق، ماتروسلارمۇ ساق ـ سالامەت ئىكەن، «سانت ـ دىياگو» ناملىق كېمىدىن سىموك، نېلسون، رېچلارنى تاپتۇق، بىز خاندىسون، خېلۇك، ۋىلىيامس ۋە كىللىردىن ئايرىلىپ قالغاندۇق.

قائىدىگە ئاساسەن، قولۋاقلار ئۇلۇش ئايرىش شەكلى بويىچە، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغان كېمىگە ئۆزلىرىنىڭ كېمىسىنى تاپقىچە ئوۋ ئوۋلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

بىراق، دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئويلىمىغان يەردىن بىر قولۋاقتىن ئايرىلىپ قالغاننى باھانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كېمىسىنى تاپالمىغان بىر قولۋاقنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى ھەم قولۋاقتىكىلەرنى ئۆزى ئۈچۈن دېڭىز يىلپىزلىرىنى ئوۋلاشقا بۇيرۇدى. ئۇلارنىڭ كېمىسى كۆرۈنىسىمۇ، كېمىسىگە قايتىپ كېتىشىگە يول قويمىدى.

ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەنلىكى سائەت سەككىزلەردە ماچتىنىڭ ئۈچىغا چىقىۋالغان سىموك بىر قولۋاقنى بايقاپتۇ، شامالغا قارشى تەرەپتە غۇۋا تاڭ يورۇقىدا بىر قارا چېكىت غىل ـ پال كۆرۈنەتتى، بىز شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. مېنىڭ كۆڭلۇم بىر قىسىملا ئىدى، مەن دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ كۆزلىرىدىن غەلىتە نۇر- لارنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ئالدىمدا تۇراتتى، مەن ئۆزۈمنى باسالماي، ئۇنىڭغا تاشلانغۇم كې- لىپ كەتتى. رېچ بىلەن جونسوننىڭ بېشىغا كېلىدىغان بالا ـ قازادىن قورقۇپ ئەقلىمنى يوقاتقانىدىم. مەن ئۆ- زۈمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوپچە بۆلۈمگە كىرىپ ئوقلانغان مىلتىقىمنى كۆتۈرۈپ ئەمدىلا پالۇبىغا چىقاي دېيىـ- شىمگە، سىموكنىڭ ھودۇققىنىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ قولۋاقتا بەش ئادەم بار ئىكەن!

مەن مىلتىقنى قويۇپ قويۇپ، قايتىدىن پالۇبىغا چىقتىم.

سىموك ماچتىدىن قايتىپ چۈشۈپ، يېنىمدا تۇرۇپ غەلىتىلا كۈلۈپ كەتتى.

— قىزىق ئىشتە بۇ!

— نېمىگە كۈلىسەن؟

— كېمىنىڭ قۇيرۇقىدىكى ئايالنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئايال بولمىسا، ئەمدى دېڭىز يىلپىزى ئوۋلىمايمەن دەپ قەسەم قىلىۋاتىمەن!

— ۋان ۋېيدېن ئەپەندى، بۇ خانىمنى تۆۋەنكى بۆلۈمگە ئەكىرىپ ياخشىراق كۈت، بولامدۇ؟ ئامبارنى بىرنى بىكارلاپ، ئاشپەزگە تازىلىتىۋەت. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى كۈن نۇرى قارايتىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ چىرايىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئامالىڭ بارمۇ-يوق؟

مەن ئايالنىڭ بىلىكىدىن تۇتقىنىمچە شوتىدىن تۆۋەنگە چۈشتۇم، ئۇنىڭ بىلىكى ناھايىتى يۇمران، نازۇك بولۇپ، تۇتسىلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك بىلىندى. بۇ مېنىڭ ئادەتتىكى ئايال زاتىغا، بولۇپمۇ مود بىروستىقا بولغان تۇنجى تەسىراتىم ئىدى.

— بەكمۇ ئاۋارە بولۇپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇ دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ بۆلۈمىدىن يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىۋاتقىنىمدا، — ئۇلار ئەتىگەندىن تارتىپ قۇرۇقلۇقنى ئىزدىدى، كەچ كىرگۈچە چوقۇم قۇرۇقلۇققا چىقالايمىز، شۇنداقمۇ؟

مەن ئۇنىڭغا راست سۆزنى قىلدىم.

— ئەگەر باشقا كاپىتان بولغان بولسا، ئەتىلا يو-كوخامادا قۇرۇقلۇققا چىقالايمىز دېيەلەيتتىم. لېكىن بىزنىڭ كاپىتانىمىز باشقىچىلا بىر ئادەم، ئىدىيىڭىزدە خىلمۇخىل زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش تەييارلىقى بولۇشى كېرەك، ئۇقتىڭىزمۇ؟ زوراۋانلىققا قارشى تۇ-رۇش تەييارلىقى دەۋاتىمەن.

— مەن... مەن گېپىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمە-دىم، — دېدى ئۇ گۇمانىي ئاھاڭدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل شۈبھىلىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى، بىراق قورقۇنچ كۆرۈنمەيتتى، — كېمىسى چۆكۈپ كېتىپ پا-لاكەتكە يولۇققانلار تۇرلۇك قولايلىق شارائىتلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن، قارىغاندا خاتالاشقان ئوخشىمامدىمەن؟ سىز بىلىسىز، بۇ ناھايىتى كىچىك بىر ئىش. بىز قۇرۇقلۇققا ناھايىتى يېقىنلاپ قالدۇق.

— راستىنى ئېيتسام، بۇنى ئۇقمايدىكەنمەن، — دې-دىم مەن ئۇنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ، — مەن پەقەت سىزگە بېشىڭىزغا ئېغىر كۈن چۈشكەندىمۇ چىداڭ دېمەكچى. بۇ كاپىتان ھايۋاننىڭ ئۆزىلا، بىر ئالۋاستى، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق بالا كېلىدۇ.

توساتتىن پەلەمپەي ئاغزىدىن «قولۋاق كۆرۈندى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ سىموكنىڭ ئاۋازى بولۇپ، ئۇ ماچتىنىڭ ئۇستىدە تۇرۇپ ۋارقىرىغانىدى. مەن ئايالغا

لاپىپىدە قارىدىم، ئۇ ئورۇندۇقتا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ھارغىن ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتىم. مەن تۇتۇلۇپ قالغان بۇ ئىككى قاچقۇن- نىڭ دەھشەتلىك تۇردە جازالىنىشىنى ئۇنىڭغا كۆرسەت- مەسلىك نىيىتىگە كەلدىم.

## 16

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان كىشىلەر بىلەن كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، كېمە قۇيرۇقىغا كەلدى.

— ئۇلارنىڭ ئۇچى ماي قاچىلاش ئىشچىلىرى، بى- رى تۆتىنچى دەرىجىلىك ئىنژېنېر ئىكەن، بىراق بىز ئۇلارنى ماتروسلۇققا سالىمىز، ھېچبولمىغاندا ئۇلار پا- لاقچى بولىدۇ، ھېلىقى ئايالنى قانداق قىلساق بو- لار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

مەن جاۋاب ئورنىدا مۈرەمنى كۆتۈرۈپ قويدۇم.

— ئۇلارنىڭ كېمىسى قانداق كېمىكەن؟

— «توكيو» ناملىق پوچتا كېمىسىكەن، — دېدى ئۇ، — سان - فرانسىسكودىن يوكوخاماغا قاراپ كېتىۋې- تىپتىكەن. تەيفېنىڭ بورىنىنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچراپتۇ. كېمە پۈتۈنلەي كاردىن چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگىنىگە تۆت كۈن بوپتۇ.

— سىز... ئۇلارنى...، — مەن ئۇنىڭدىن ئۇلارنى يو-كوخاماغا ئاپىرىپ قويامسىز دەپ سورىماقچى ئىدىم.

مەندىن نېمىنى سورىماقچىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— رىچ بىلەن جونسوننى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچىسىز؟

ئۇ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— خېمپولل، قانداق قىلىشىمنى زادى بىلەلمەيۋا-تىمەن، قارا بۇلارغا، بۇ ئادەملەر بىلەن مېنىڭ ماتروس-لىرىم تولۇقلاندى.

— ئۇلار يەقەتلا قېچىپ كەتمەكچى بولغانغۇ؟ ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىز كەلتۈرۈپ چىقارغان، — دېدىم مەن.

— مەن كەلتۈرۈپ چىقىرىپتىمەنما؟

— شۇنداق، — دېدىم مەن قەتئىيلىك بىلەن، — سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، دېڭىز بۆرىسى رېسسىن، ئەگەر سىز بۇ بىچارىلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق خورلىسى-ڭىز، سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

— ھەقىقىي ئەزىمەتكەنسەن! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا، — مېنى بەكمۇ چوڭ كۆرەتتىڭ، خېمپولل، ئىنتىقام ئېلىشنى ئۆگىنىۋاپسەن، ئەمدى پۇت دەسسەپ تۇرالايدىغان بوپسەن، ئىلگىرى جېنىڭنى بەك ئاياپتتىڭ، بۇ سەن ئۈچۈن بىر بەختسىزلىك ئىدى، ئەمدى خېلى

ئىلگىرىلەپسەن، ساڭا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قالدىم.

ئۇنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى:

— سەن ۋەدىگە ئىشىنەمسەن؟ ۋەدە شۇنداق مۇقەد-دەس نەرسىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— ئەلۋەتتە، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— ئۇنداق بولسا، بىز توختام تۈزۈشەيلى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەگەر مەن رىچ بىلەن جونسوننى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋەدە بەرسەم، مېنى ئۆلتۈر-مەسلىككە كاپالەتلىك قىلالامسەن؟

قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. بۇ ئادەم زادى نېمە قىلماقچى؟

— مۇشۇنداق پۈتۈشسەك بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ئال-دىراپ.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدىم مەن.

بىز كېمە قۇيرۇقىدىكى بۆلۈمچىلەر ئالدىدىكى پا-لوبىدىن ئۆتۈپ، شامال ئۇرۇلۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭ-دۇق. ھېلىقى قولۋاق بۇ چاغدا يېنىمىزغىلا كېلىپ قالغان بولۇپ، چۆكۈپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. قولۋاق-نى جونسون ھەيدىگەن، رىچ بولسا قولۋاقتىكى سۇنى سىرتقا تۆكۈۋاتاتتى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن بىزنى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى، دېڭىز بۆرىسى رېسىن لۇئىغا قولۋاقتىن يىراقلىشىپ، ئۇنىڭدىن يىگىرمە فۇت يىراقلىقتا توختاشنى بۇيرۇدى. «ئالۋاستى» ناملىق كېمە

قولۋاقنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. قولۋاقتىكى يانتۇ خادىلىق يەلكەن شامالدا كۆچسىز لەپىلدەپ تۇراتتى، قولۋاق ئالدىغا ئىلگىرىمەكتە ئىدى، ناھايىتى زور دېڭىز دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار دېڭىز دولقۇنى ئىچىدە قالدى.

شۇ چاغدا ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ كېمىدىكى ھەمراھلىرىغا نەزەر تاشلىدى. ئۇلار كېمە گىرۋىكىدە بىر قاتار بولۇپ، ئۈن ـ تىنسىز تۇراتتى. ھەمراھلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار تىرىك مۇردىلار بولۇپ، ئۇلارنى كۆزگە كۆرۈنمەس ھايات ـ ماماتلىق ھاگى ئايرىپ تۇراتتى.

بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قولۋىقى كېمە قۇيرۇقىدىكى پالۇبىنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلدى، دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىلەن ئىككىمىز پالۇبىدا تۇراتتۇق. جونسون ماڭا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى ھارغىن ۋە سولغۇن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قول پۇلاڭلاتتىم، ئۇمۇ ماڭا قول پۇلاڭلاتتى، ئۇمىدسىزلىك، سۇسلۇق چىقىپ تۇرغان بۇ قول ھەرىكىتى خۇددى ئاخىرقى ۋىدالىشىشقىلا ئوخشاپ كەتتى. رىچنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلمەي قالدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى دېڭىز بۆرىسى رېسسىنگە تىكىلگەن بولۇپ، ئىلگىرىكى مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان ئۆچمەنلىك ھازىرمۇ ئۇنىڭ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن قولىقىمنىڭ تۈۋىدە خۇددى

ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىدەكلا كۆلۈپ قويۇپ، پالوبىنىڭ شامال ئۇرۇۋاتقان تەرىپىگە كەتتى. مەن ئۇنىڭ «ئالۋاسـتى» ناملىق كېمىنى توختىتىش بۇيرۇقى بېرىشىنى كۈتتۇۋاتاتتىم، بىراق ئۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى، كېمە يەنىلا توختىماي ئىلگىرىلەۋاتاتتى، كېمە ئالدىغا يېغىلىۋالغان ماتروسلار تەقەززالىق نەزىرى بىلەن بىزگە قاراپ تۇراتتى. «ئالۋاستى» ناملىق كېمە يەنىلا دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، قولۋاق ناھايىتى يىراقتا قارا چېكىت بولۇپ كۆرۈنگەن چاغدىلا، ئۇ كېمىنىڭ ئۇلى بېشىنى شامالغا قارشى يۆنىلىشكە قارىتىپ ھەيـدەشكە بۇيرۇدى.

كېمىنى ئايلاندۇرۇپ كەلدۇق، دولقۇن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان قولۋاقنىڭ شامال ئۇرۇۋاتقان تەرىپىدىن ئىككى دېڭىز مىلى يىراقلىقتا كەلگەندە، كېمە بېشىدىكى ئۇچبۇلۇڭلۇق يەلكەننى چۈشۈردۇق، شۇنىڭ بىلەن كېمە شامالغا قارشى ھالدا توختىدى. قولۋاق شامالغا قارشى ماڭالمايتتى. لېكىن بۇ پايانسىز دېڭىزدا رىچ بىلەن جونسوننىڭ «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىن باشقا پاناھلىنىدىغان يېرى بولمىغاچقا، ئۇلار يەنىلا قولۋاقنى باتۇرلۇق بىلەن شامالغا قارشى يۆنىلىشتە ھەيدىدى، ئاسمان ـ پەلەك دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە بۇ قولۋاقنى ھەيدەش ناھايىتى جاپالىق ئىش ئىدى، شۇنـداقلا ھەر ۋاقىت دېڭىز دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇش

خەۋپى بار ئىدى.

جونسون ناھايىتى ماھىر ماتروس بولۇپ، ئۇ قول-ۋاقىتمۇ يەلكەنلىك كېمە ھەيدىگەندەك ھەيدىيەلەيتتى. بىر يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇلار بىزنىڭ كېمىگە بىر ئوق يېتىم جايغا يېتىپ كەلدى، يەنە ئازراق غەيرەت قىلسىلا بىزگە يېتىشىۋالالايتتى.

— قارىغاندا، قارارىڭلارنى ئۆزگەرتكەن ئوخشايسى-لەر؟ — مەن دىڭىز بۆرىسى رېسىنىنىڭ غۇدۇرىغانلى-قىنى ئاڭلىدىم، — ھا - ھا، كېمىگە چىقماقچىمۇسىلەر؟ ئۇنداق بولسا تېز كېلىڭلار!

— رولنى شامال يۆنىلىشىگە توغرىلا! — دەپ بۇي-رۇدى ئۇ كانانكالىقا.

ئۇ يەنە بىرمۇنچە بۇيرۇقلارنى چۈشۈردى. كېمە شا-مال ئۇرۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ قوزغالغاندا، ئالدىنقى يەل-كەن بىلەن ئاساسىي يەلكەننىڭ ئارقانلىرى بوشىتىلىپ، يەلكەنلەر شامالدا كۆپۈپ، شامال يۆنىلىشى بىلەن ئىل-گىرىلەشكە باشلىدى، جونسون خەتەرگە قارىماي، يەل-كەننىڭ ئارغامچىسىنى بوشىتىپ، 100 فۇت كېلىدىغان جايدىن بىزگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. دىڭىز بۆرىسى رېسىن كۈلۈپ قويۇپ، ئۇلارنى يېتىشىۋېلىشقا ئۇندەپ قول ئىشارىسى قىلدى. بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگكەنلىك — ئۇلارنى ياغاچ پىچاق بىلەن قىي-نىغانلىق، خەتەرلىك ئۇچ ئىلىش ئىدى، چۈنكى بۇ

ئاجىز قولۋاق ھەر ۋاقىت دېڭىز دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

جونسون يەلكەن ئارقانلىرىنى تەڭشەپ كەينىمىز-دىن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامالى بولسۇن؟ ھەممە يەر ھالاكەت بىلەن تولغان بولۇپ، بۇ ھالاكەتكە ئۇچراشتا پەقەت ۋاقىت جەھەتتىكى ئىل-گىرى - كېيىنلىك مەسىلىسىلا مەۋجۇت ئىدى، خالاس. غايەت زور دولقۇن قولۋاققا ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

— ئوتتۇرا يەلكەننى چۇشۇرۇۋەت، ۋان ۋېيدېن ئە-پەندى! — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ماڭا. شۇ چاغدا مەن كېمە قۇيرۇقىدىكى پالۇبىغا چىققانىدىم.

— ھەي، رولنى تولۇق ئايلاندۇر! — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ۋارقىراپ، ئۇ ئارقىدىنلا رولنىڭ يې-نىغا كېلىپ رولنى ئۆزى ئايلاندۇردى.

«ئالۋاستى» ناملىق كېمە قايتىدىن شامال يۆنىلى-شى بويىچە ئىلگىرىلەشكە باشلىدى، جونسون بىلەن رېچ ئالاھازەل ئىككى سائەت قوغلاشتى، بىز دەم توختاپ، دەم ئىلگىرىلەيتتۇق، قولۋاقتىكىلەر ئاسمان - پەلەك دېڭىز دولقۇنى ئىچىدە جان تالىشاتتى، بىزدىن تەخمىنەن 4 ـ 5 يۈز مېتىر يىراقلىققا كەلگەندە، ئۇلارنى كۈچلۈك دولقۇن يۇتۇپ كەتتى - دە، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا كۆرۈنمىدى.

جونسون بىلەن رىچىنىڭ جان تالىشىش ئازابىمۇ بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇلار ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن بىراقلا قۇتۇلغانىدى.

كېمىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كېمە ئوتتۇرى-سىغا يىغىلىشقانىدى. ھېچقايسىسى زوۋان سۈرمەيتتى يا بۆلۈملىرىگە چۈشۈپ كەتمەيتتى، بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىغىمۇ قارىمايتتى. ئۇلار چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك ھاڭۋېقىپ قېلىشقانىدى ـــ ئۇلار ھېلىلا كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ۋەقە توغرۇلۇق ئويلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەن كېمىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۆتتۇم، ئاشخانىنىڭ كەينىگە كەلگىنىمدە، بىز قۇتقۇزۇۋالغان بىر ئىنژې-نېرنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بو-لۇپ، لەۋلىرى توختىماستىن تىترىمەيتتى.

ـــ ئاھ تەڭرىم، بۇ قانداق كېمە، ئەپەندىم؟ ـــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ.

ـــ ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرگەنسىز، ـــ دېدىم مەن. كۆڭلۈمدىكى ئازاب ۋە قورقۇنچ مېنى شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرلىغانىدى.

ـــ بەرگەن ۋەدىڭىز قېنى؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن دېڭىز بۆرىسى رىيسىنىدىن.

ـــ مەن ئۇلارنى كېمىگە ئېلىپ چىقىمەن دەپ ۋەدە بەرمىگەن، ـــ دېدى ئۇ، ـــ بىراق ساڭا شۇنىسى ئېنىق-كى، مەن ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرمىدىم.

## 17

ئەتىسى ئەتىگىنى بىروست خانقىز كىمە بۆلۈمىدە تاماق يەۋېتىپ دېڭىز بۆرىسى رېسسىندىن سورىدى:

— بىز يوكوخاماغا قاچان يېتىپ بارىمىز؟

— ئەگەر ئوۋ ئوۋلاش پەسلى بالدۇرراق ئاياغلاشسا تۆت ئايدا، بەلكىم ئۈچ ئايلاردا يېتىپ بارىمىز، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن.

قىز ئېغىر تىنىپ قويدى.

— مەن... مېنىڭچە، مەن يوكوخاماغا بىر كۆڭۈلۈك يول قالدى دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— سۆزىڭىز توغرا ئەمەس، — دېدى ئۇ، — بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ۋان ۋېيدېن ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلەشسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — ۋان ۋېيدېن ئەپەندىم بۇنداق ھەق - ناھەق مەسىلىلەردە سىزگە ئۇستاز بولالايدۇ.

— سىز قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— ئەگەر يېقىنقى بىرنەچچە ئايدا كېلىشىپ قويغان ئىشلىرىڭىز بولسا، بەكمۇ ئەپسۇس، بىراق سىز ياپونىيىگە دەم ئالغىلى كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز، مەن سىزگە راستىنى دېسەم، «ئالۋاستى» ناملىق

كىمە دەم ئالىدىغان ناھايىتى ياخشى جاي.

— ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كېمىلەرگە چىقىۋالسام بولار؟

— دېڭىز يىلپىزى ئۆۋلايدىغان كېمىلەردىن باشقا كېمىلەر بۇ يەردىن ئۆتمەيدۇ، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رىيسسىن.

— سىزدىن سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى رىيسسىن يەنە مۇلايىملىق بىلەن، — نېمە خىزمەت قىلىسىز؟ قانداق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىسىز؟ قانداق سايمانلارنى ئىشلىتىسىز؟ سىز قانداق خام ئەشيالارغا ئېھتىياجلىق؟

— ماڭا قەغەز بىلەن سىياھ، ھە يەنە بىر دانە خەت ئۈزۈش ماشىنىسى كېرەك، — دېدى بىروست خانىقىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مود بىروست دېگەن سىزمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن ئاستا، لېكىن كەسكىنلىك بىلەن.

ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قارىدى.

— سىز قانداق بىلىسىز؟

— سىز شۇمۇ؟ — دەپ سورىدىم قايتىلاپ.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىدى. دېڭىز بۆرىسى رىيسسىن گاڭگىراپلا قالدى، قىزنىڭ ئىسمى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىدى. مەن ئۆزۈمنى مەغرۇر ھېس قىلدىم، پالاكەتكە يولۇققاندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمغا ئىشەنگەنىدىم.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، ئىلگىرى مەن بىر كىتابقا ئوبزور يازغانىدىم، — دېدىم مەن ئېرەنسىزلىك بىلەن، ئۇ شۇ ھامانلا سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى.

— سىز! — ۋارقىراپ كەتتى ئۇ، — سىز...

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئېتىراپ قىلدىم.

خېمپولىل ۋان ۋېيدېن، — دېدى قىز خاتىرجەملىك بىلەن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — مەن سىزنى كۆرگەنلىكىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

— سىزنىڭ ئوبزورىڭىز ئېسىمدە، — دېدى ئۇ ئالدىراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئۆزۈمنىڭ بەزى سۆزلىرىم ئۈچۈن ئوڭايسىزلىنىمەن، بەك ئاشۇرۇۋېتىپتىكەنمەن، بەك ئېشىپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداق ئەمەسقۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا شۇئان رەددىيە بېرىپ.

— ماڭا ئېيتىڭا، سىز نېمىشقا كالىفورنىيىدىلا تۇرىسىز؟ — دېدى ئۇ، — غەربىي رايوندىكى كىشىلەرنىڭ سىزدەك ئامېرىكا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق رەھبەرنى كۆرۈشى ناھايىتى تەس جۇمۇ.

مەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ ماختاشلىرىغا لايىق ئەمەسلىكىمنى بىلدۈردۈم.

شۇ چاغدا بىز ئۆزىمىزنىڭ قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالغاندۇق، دېڭىز بۆرىسى رېسىنىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، توگىمەس پاراڭغا چۈشۈپ

كەتتۇق.

رىبىسسىن گۇرنىدىن تۇرۇپ زورىغا كۈلۈپ قويىدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى مېتاللار ئۇرۇلغاندا چىققان ئاۋازدەك چىقىپ كەتتى.

— ئوھوي، مەن بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، — دېدى ئۇ، — مەن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيمەن. سىلەر سۆزلىشىۋېرىڭلار.

## 18

دېڭىز بۆرىسى رېبىسسىن مود بىروست خانقىز بىلەن ئىككىمىزنىڭ تاماق ئۇستىدىكى سۆھبەتتە ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولماسلىقىمىز سەۋەبىدىن زەردىسى قايناپ، ئاچچىقىنى چىقىرىدىغان جاي ئىزدەپ يۈرەتتى. ئاشپەزنىڭ كۆڭلىكىنى يۆتكىمىگەنلىكى ئۇنىڭغا باھانە بولدى، ئۇ ئاچچىقىنى ئاشپەزدىن چىقارماقچى بولدى.

— ئاشپەز ئۇستام، مەن سېنى ئاگاھلاندۇرغان، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېبىسسىن، — ئەمدى جاپا تارتىدىغان بولدۇڭ.

دېڭىز بۆرىسى رېبىسسىن قولىغا بىر تال ئارقاننى ئېلىپ، ئىككى ئادەمنى چاقىرىۋىدى، لوندونلۇق بۇ ئەبلەخ ساراڭلاردەك ئاشخانىدىن قېچىپ چىقتى، ئۇ پالۇبىدا ئۇياق - بۇياققا مۆكەتتى، ماتروسلار كۈلۈشكىنىچە

كەينىدىن قوغلايتتى. ئۇ ئالدىنقى بۆلۈمگە ناھايىتى نا-
چار، پاسكىنا تاماقلارنى ئاپىرىدىغان بولغاچقا، ماتروسلار
ئۇنى كىمە قىرغىقىدىن ئارغامچا بىلەن سۇغا چۈشۈ-
رۈپ، ئازراق ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى. ئالتە ماتروس
ئاخىر ئۇنى تۇتۇۋالدى ــ دە، پالۇبىغا ئېلىپ كەلدى،
ئاشپەز توختىماي يىغلايتتى ۋە يېلىناتتى، ئۇنىڭ ئاغ-
زىدىن قان ئارىلاش كۆپۈك چىقاتتى. دېڭىز بۆرىسى
رېيسىدىن بىر تال ئارقان ئېلىپ كېلىپ ئۇنى قولتۇ-
قىدىن باغلاپ دېڭىزغا تاشلىدى، ئاشپەز خۇددى پور كۆ-
تەكتەك سۇدا سۆرىلەتتى.

بۇ ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش ئىدى. گەرچە
ئۇ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلمىسىمۇ، لېكىن دوزاخ ئازابىنى
يەتكۈچە تارتتى، كىمە قۇيرۇقى دولقۇندا يۇقىرىغا كۆ-
تۈرۈلگەندە ئۇ ئەبلەخ سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،
چالا ــ پۇچۇق نەپەس ئېلىۋالاتتى، كىمە تۇمشۇقى دول-
قۇندا يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەندە بولسا ئارغامچا بوشىشىپ،
ئۇ يەنە سۇغا چۈشۈپ كېتەتتى.

مود بىروست بىرىنچى بولۇپ پالۇبىغا چىقتى، ئۇ
ئالدىدىكى كانانكالىقنىڭ ئارغامچا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى-
نى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بېلىق تۇتۇۋاتامسىز؟

ئۇ ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كىمە كەينىدىكى
دېڭىز يۈزىگە تىكىلگەنىدى.

— ئاكۇلا بار ئىكەن، خوجايىن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— تېز بولۇڭلار! تېز تارتىپ چىقىرىڭلار! ھەممىڭلار كېلىڭلار! — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ۋارقىراپ، ئۇ ئارغامچىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئارقانني تارتىشقا باشلىدى.

ئاشپەز كاناتكالىقنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئاڭلاپ، ئەسەبىيلەرچە چىرقىراپ كەتتى. مەن بىر ئاكۇلانىڭ ناھايىتى تېز ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭ تېزلىكى ئۇلارنىڭ تارتىپ چىقىرىش ھەرىكىتىدىنمۇ تېز ئىدى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن كۈچەپ بىر تارتىۋىدى، لوندونلۇق ئەبلەخنىڭ تېنى دېڭىز يۈزىدىن ئايرىلدى، ئاكۇلانىڭ يېرىمىمۇ سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققانىدى، ئاشپەز پۇتلىرىنى يىغىۋالغان بولغاچقا، ئاكۇلا ئۇنىڭ بىر پۇتىغا تۇمشۇقىنى تەگكۈزۈپلا دېڭىزغا چۈشۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. دەل شۇ چاغدا ئاشپەز ئېچىنىشلىق چىرقىراپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ خۇددى قارماقتىكى بېلىقتەك تارتىپ چىقىرىلىپ پالۇبىغا تاشلاندى، ئۇنىڭ پۇتۇن بەدىنى توختىماستىن جالاقلاپ تىترەيتتى، ئاكۇلا ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى ئوشۇقىدىن ئۈزۈۋالغان بولۇپ، قان بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى، مەن دەرھاللا مود بروستقا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ۋەھىمە

يېغىپ تۇراتتى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ كۇلۇپ قويدى ـ دە:

— بروست خانقىز، بۇ دېگەن ئەرلەرنىڭ ئويۇنى، بۇ بەكلا قوپالدەك كۆرۈنسىمۇ، يەنىلا ئەرلەرنىڭ ئويۇنى ھېسابلىنىدۇ، بىراق ھېلىقى ئاكۇلانى ھېسابقا ئالماپتىمىز، — دېدى.

## 19

قىز مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندىلا ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلگەنىدىم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ھېلىقى ئىنژېنېر بىلەن ئۇن مىنۇتتەك سۆھبەتلەشكىنىنى كۆرگەنىدىم. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۇندىمەك دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلىپ، ئۇنى سۆزلىرىمىزنى رولچىلار ئاڭلىيالمايدىغان جايغا ئەگەشتۈرۈپ كەلدىم.

— نېمە دېمەكچىسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— بۈگۈن ئەتىگەندە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تولىسىنىڭ تاسادىپىيلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ، — ئەمما مەن خېسكىن ئەپەندى بىلەن پاراڭلاشقانىدىم. ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، بىز قۇتقۇزۇۋېلىنغان كۈنى ئىككى ئادەم دېڭىزغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپتۇ، ئۇلار قەستەن ئۆلتۈرۈۋېتىلىپتۇ، بۇ دېگەن قاتىللىق.

سۆزنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇ مېنى ئەيىبلەۋاتاتتى،

مېنى بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبكارى، ھېچبولمىغاندا شېرىك جىنايەتچى كۆرۈۋاتاتتى.

— شۇنداق، ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدىم مەن، — ئۇلار ئىككىسى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

— بۇنداق ئىشلارغا يول قويىدىكەنسىز - ھە! — دې- دى ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ.

— ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام، مەن ئۇنداق ئىشلارنى توسىيالمايمەن.

— سىز ئىلگىرى ئۇنى توسۇشقا ئامال قىلىپ باققانمۇ؟ — دېدى ئۇ «ئامال قىلىش» دېگەن سۆزنى ئا- لاھىدە ئۇرغۇ بىلەن چىقىرىپ.

مەن مۇرەمنى قىسىپ قويدۇم.

— شۇ نەرسە ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىروست خانى- قىز، سىز بۇ يەردە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇننىڭ قانداقلى- قىنى بىلمەيسىز. سىزنىڭ كاللىڭىز ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك تۇرمۇش، ئەخلاق قاتارلىق گۈزەل ئىدىيىلەر بىلەن تولغان، ئەمما بۇ يەردە سىز ئۇلارنى قارشى ئې- لىنمايدىغان ئىدىيىلەر دەپ بىلىڭ. مانا بۇ مېنىڭ قا- رىشىم.

مەن ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتىم.

— ئەخلاقنىڭ كۈچى تەڭداشسىزدۇر، — دېدى ئۇ ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

— ئەخلاقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىپايان دېگىنىڭىزدا

لەيلەپ يۈرگەن بۇ كىچىككىنە «دۇنيا» دا بىر تىيىنـ
غىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئىككى ئادەمنىڭ
بىرسىنىڭ ئىسمى رىچ ئىدى، ئۇنىڭ ئەخلاقىي كۈچ ـ
قۇدرىتى ناھايىتى زور ئىدى، جونسونمۇ شۇنداق ئىدى.
ئەمما بۇ كۈچ ـ قۇدرەت ئۇلارنى ساقلاپ قالالمىدى، ئەكـ
سىچە ئۇلارنى ۋەيران قىلدى. ئەگەر مەنمۇ ئۆزۈمدىكى
بارلىق ئەخلاقىي كۈچ ـ قۇدرەتنى كۆرسەتكەن بولسام،
ئۇلار بىلەن بىللە ھالاك بولغان بولاتتىم.

ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ سۆزۈمنى ئاڭلىماقتا ئىدى.

— زوراۋان ـ ياۋۇز ئادەملەرگە كۈچ بىلەن تاقابىل
تۇرغىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ بۇ ئەبلەخنى ئۇجۇقتۇرغۇدەك
كۈچ ـ قۇدرىتىمىز يوق، مۇمكىن بولسا بىز ساراڭدەك
بولۇۋېلىپ، پەم ـ پاراسەت بىلەن ئۇنى مەغلۇپ قىلىـ
شىمىز كېرەك. بىز چوقۇم بىر ياقىدىن باش چىقىرىـ
شىمىز، ئەمما ئۇنىڭغا بىلىندۇرمەسلىكىمىز كېرەك.
ئۇ ھەرقانچە ئۆچلۈك قىلسىمۇ ئۇنىڭغا ھېجىيىپ تۇـ
رۇپ، تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

— مەن يەنىلا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى ئۇ.

— چوقۇم مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىسىز، سۆـ
زۈمنىڭ راستلىقىنى بىلىپ قالىسىز.

ئۇنداقتا مەن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — دېدى
ئۇ، ئۇ مېنىڭ سۆھبەت ئوبيېكتىمىزغا جىددىيلىك
بىلەن قارىغىنىمنى بىلىپ، سەممىي پوزىتسىيەمدىن

تەسىرلەنگەنىدى.

— ئۆزىڭىزدىكى ئەخلاق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇڭ، — دېدىم مەن جىددىيلىك بىلەن، بۇ ئەبلەخنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەڭ. ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىڭ، ئەدەبىيات، سەنئەت توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىڭ — ئۇ بۇ نەرسىلەرگە ئامراق. كېيىندىكى ۋەھشىيانە قىلمىشلارنى سۈرۈشتۈرمەڭ.

## 20

مود بىروستىنىڭ ئەسەرلىرىنى خېلى بۇرۇنلا ياقتۇ-رۇپ قالغانىدىم، ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئۆزى ئەسىيادىمىنى چۇلغىۋالغانىدى.

ئۇ دېگىنىز بۆرىسى رېسىنىدىن تۇپتىن پەرقلىنەتتى، بىرسىدە بارى يەنە بىرسىدە يوق، بىرسىدە يوقى يەنە بىرسىدە بار ئىدى. بىر كۈنى سەھەردە مەن ئۇ ئىككى-سىنىڭ پالۋىدا سەيلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مەن ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى ئىككى قۇتۇپقا — بىرىنى ياۋايىلىققا، يەنە بىرىنى مەدەنىيلىككە سىمۋول قىلدىم. دېگىنىز بۆرىسى رېسىن ھەقىقەتەن ئەقىل - پاراسەتلىك بولسىمۇ، ئۇ بارلىق ئەقلىنى ياۋايى تەبىئىتىگە سەرپ قىلغاچقا، ئۇ قورقۇنچلۇق ياۋايى ئا-دەمگە ئايلانغانىدى.

بىر خىل جىددىي ئېھتىياج مېنىڭ ئۆزۈمنى تەڭ-شىشىمنى، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگەرگەن ماھىيىتىنى نە-زەرگە ئېلىشىمنى تەلەپ قىلماقتا ئىدى. مۇھەببەت ئا-خىر پەيدا بولغان، ئاخىر يېتىپ كەلگەنىدى، ئۇ مەن ئەڭ خالىمايدىغان ۋاقىتتا، ئەڭ يول قويمايدىغان شارا-ئىتتا يېتىپ كەلگەنىدى. مەن خېمپولىل ۋان ۋېيدېن مۇھەببەت تورىغا چۈشۈپ قالدىم! بۇ ئوچۇق-مۇ-چۇ-شۇمۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن، بۇنىڭلىق بىلەن قورقۇپ قالمىدىم ياكى ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ۋاز كەچمىدىم، مەن ئۆتۈپ كەتكەن غايىچى ئادەم ئىدىم، مېنىڭ قارى-شىمچە مۇھەببەتلىشىش دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئىش، تۇرمۇشنىڭ نىشانى، يۇقىرى پەللىسى، خۇشاللىق، شادلىقنىڭ جەۋھىرى، تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئىدى. مۇھەببەت بولغاچقىلا ھاياتمۇ مەنىگە ئىگە بولالايدۇ. ھازىر بۇ مېنىڭ بېشىمغا كېلىۋىدى، ئۆزۈمگە ئى-شەنمەيلا قېلىۋاتاتتىم، ھەقىقەتەن شۇنچىلىك بەختلىك بولالارمەنمۇ؟ مۇھەببەتنىڭ جەزىبىلىك سېھرىي كۈچى خۇددى يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازىدەك مېنى مەست قىل-دى، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى، ھېچ نەرسە كاللامغا كىرمەيتتى. دېڭىز بۆرىسى رېس-سىنىڭ:

— جىن چاپلاشتىمۇ ساڭا، نەگە بارىسەن؟ — دېگەن ئاۋازى مېنى شېرىن خىيالدىن ئويغاتتى.

مەن ئۆزۈمنى بىلەلمەيلا ماترۇسلار سىرچىلىق قىلىۋاتقان جايغا بېرىپ قالغانىدىم. ئېسىمگە كەلسەم پۇتلىرىم سىر تۇڭلىرىنىڭ يېنىدىلا ئىكەن، تاس قاپ-تىمەن سىر تۇڭلىرىنى ئۆرۈۋەتكىلى.

— تۈن سەيلىسى قىلىۋاتامسەن ياكى ئىسسىق ئۆ-تۈپ قالدىمۇ ساڭا، — دېدى ئۇ غۇدۇراپ.

— ياق، تاماقنى سىڭدۈرۈۋاتىمەن، — دېدىم مېڭە-شىمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

21

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا دېڭىز بۆرىسى رىبىسىن ئوۋچىلارنى بۈنىڭدىن كېيىن تاماقنى ئوپچە بولۇمدە يېيىشكە بۇيرۇدى. ئەسلىدە ئوۋچىلارغا كېمىنىڭ مۇ-ھىم خادىملىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى. ئۇ سەۋە-بىنى ئېيتمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. خېنا بىلەن سىموك مود بىروستقا ھە دەپ خوش ـ خوش قىلىپ يۈرۈۋاتاتتى، بۇ ناھايىتى كۈلكى-لىك ئىش بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۆچلۈكىنى قوزغى-مىغانىدى، بىراق دېڭىز بۆرىسى بۇنىڭغا خاپا بولغاندەك قىلاتتى.

— ئىس كۆرۈندى! — دەپ ۋارقىرىدى بىرسى شوتا ئاغزىدا تۇرۇپ.

— قايسى ياقتا ئىكەن؟ — دەپ سورىدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن يۇقىرى ئاۋازدا.

— بىزنىڭ كەينىمىزدە، خوجايىن.

— رۇسىيىنىڭ كېمىسى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى روتمور.

— بىرگە بەش ئۇلۇشتە دو تىكەلەيمەن، بۇ چوقۇم «ماكېدونىيە» ناملىق كېمە، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنىڭ زىتىمغا تەگدى، مېنى مەسخىرە قىلدى، خورلىدى، بۇنىڭ بىلەن مەن ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولدۇم. بىراق مود بىروست ئۇچۇن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. كۆزۈم بىروستنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان شۇ دەقىقىدە، مەن ئۆزۈمدىن قانائەت ھاسىل قىلدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى «باتۇرراق بولۇڭ، باتۇرراق بولۇڭ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئىس - تۈتەكنىڭ يېقىنلىششى بىلەن كېمە گەۋ-دىسى ۋە پار كېمىنىڭ ئۈستى قۇرۇلمىسى ئېنىق كۆ-رۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ ھەقىقەتەن «ماكېدونىيە» ناملىق كېمە ئىدى، ئۇ بىزنىڭ قولۋاقلىرىمىزغا بىر نەچچە دېڭىز مىلى كېلىدىغان جايغا كېلىپ قولۋاقلىرىنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بىز ئۇلارنىڭ 14 دانە قولۋاق بىلەن بىزنىڭ بەش قولۋىقىمىزغا تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى



بىلەتتۇق (ۋانلايدىنىڭ قېچىپ كېتىشى بىلەن بىر قول-ۋاقتىن ئايرىلىپ قالغانىدۇق)، ئەگەر ئۇلار قولۋاقلىرىنى ئۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرسا، بىزنىڭ يولىمىز ئۈزۈلۈپ قا-لاتتى، كەينىمىزدە دېڭىز يىلپىزى يوق ئىدى، ئالدى-مىزدىكى 14 قولۋاق بولسا دېڭىز يىلپىزلىرىنى بىزدىن ئايرىۋەتتى.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى غەزەپلەندى، پالاقچى، رولچى، ئوۋچىلار ئەتراپىمىزغا ئولىشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، ئۇلار تىل-قارغىش ياغدۇرۇپ، قول-ۋاقلارنى بىر-بىرلەپ كېمىگە چىقىرىۋالدى. ئەگەر تىل-ئاھانەت ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان بولسا، دوزاخ ئىلاھى رېسسىن ئۆتى يېرىلىپ ئۆلگەن بولاتتى، ئەبە-دىلئەبەد يوقالغان بولاتتى.

— ئورۇق-ئەۋلادىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، — دەپ تىللايت-تى لۇئى قولۋىقىنى ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلاۋېتىپ.

## 22

«ماكېدونىيە» ناملىق كېمە تۈنۈگۈنكى ئۇسۇلى بويىچە، بۇ دېڭىز يۈزىنى ئىگىلىۋالدى، ئۇنىڭ قولۋاق-لىرى ئالدىمىزدا بولۇپ، بىزنىڭ ئوۋ ئوۋلاش يولى-مىزنى توسۇپ قويغانىدى. بىزنىڭ بەش قولۋىقىمىز

بولسا يولپوگوچتەك يېپىلىپ، تونوگونكىدەك شىمالغا قاراپ ماڭدى.

— نېمىشقا بونداق قىلىمىز؟ — سورىدىم مەن ئۇ- نىڭ غەرىزىنى ئۇقالماي.

— مەن ئۇ ئاكامنى ئۆزى كولىغان ئورىغا چۈشۈر- مەكچى، گەپنىڭ قىسقىسى، مەنمۇ بۇلاڭچىلىق قىلى- ماقچىمەن، تاكى ئۇ ئوۋلاش پەسلى ئاخىرلاشقىچە بۇلاڭ- چىلىق قىلىمەن.

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىر قولىدا رولنى باشقۇ- رۇپ، بىر قولىدا دۇربۇن بىلەن قولۋاقلارنىڭ ئورنىنى كۆزىتەتتى، بولۇپمۇ «ماكېدونىيە» ناملىق كېمىنىڭ ئورنىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىۋاتاتتى. «ماكېدونىيە» نام- لىق كېمە شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ قارىسى يىتمىشكە دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىزنى «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنى تېز ھەيدەشكە بۇيرۇدى، بىز ئۆزىمىز- نىڭ بىر قاتار بولۇپ تىزىلغان قولۋاقلىرىمىزنىڭ ئال- دىغا ئۆتكەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ بىر دانە قولۋىقىغا يېتىشىۋالدۇق. قولۋاقتىكى ئۈچ كىشى بىزگە ئالاقزادى- لىك بىلەن قاراپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ قولۋىقى بىزنىڭ كېمىنىڭ قۇيرۇقىغا ئۇدۇل كەلگەندە، دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئۇلارغا قىزغىنلىق بىلەن قول پۇلاڭلاتتى.

— ھەي، كېمىگە چىقىپ ئويناپ كېتىڭلار!

قولۋاق يەلكىنىنى چۇشۇرۇپ، كېمىمىزگە يېقىنلاشتى. خۇددى دېڭىز قاراقچىسىغىلا ئوخشايدىغان بىر سېرىق چاچلىق ئوۋچى كېمىگە يامىشىپ پالۇبىغا چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىنتايىن گۇمانسىراش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ پالۇبىدا ئىككىمىزنىڭلا بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە ئەگىشىپ چىققان ئىككى ھەمراھىغا قاراپ گۇمانى تارقالدى ـ دە، دېڭىز بۆرىسى رىيسىن بىلەن كېمە بۆلۇمىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھى بولسا، ماتروسلارنىڭ ئادىتى بويىچە، ئالدىنقى تەرەپتىكى ئوپچە بۆلۇمنى كۆرگىلى كەتتى.

توساتتىن كېمە بۆلۇمى ئىچىدىن ھۆركىرىگەن، مۇشتلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى، بۇ خۇددى ئارسلان بىلەن يىلپىزنىڭ ئېلىشقىنىغا ئوخشايتتى، دېڭىز بۆرىسى رىيسىن دەل يىلپىزنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىرئازدىن كېيىن تۆۋەندىكى ئاۋازلار جىمىقىپ، دېڭىز بۆرىسى رىيسىن يالغۇز پالۇبىغا چىقتى. ئۇنىڭ مىس رەڭ يۈزلىرى سەل قىزىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

ـــ ۋان ۋېيدېن ئەپەندى، ھېلىقى ئىككىسىنى ئارقا تەرەپكە ئەگەشتۇرۇپ كەل، ـــ دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇ ئىككىسىنى دەرھاللا ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدىم.

ـــ قولۋۇقىڭلارنى كېمىگە ئېلىپ چىقىڭلار، سى-

لەرنىڭ ئۇۋچى ھەمراھىڭلار كېمىدە بىرنەچچە سائەت تۇرماقچى. ئۇ قولۋاق كېمىگە ئۇرۇلۇپ پاچاقلىنىپ كەتمىسۇن دەيدۇ، — دېدى رېسسىن ئۇلارغا.

— قولۋاقنى كېمىگە ئېلىپ چىقىڭلار، ئاڭلىدىڭ-لارمۇ؟ — دېدى ئۇ قايتىلاپ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ناھايىتى كەسكىن ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ يەنىلا ئىككىلىنىپ تۇ-راتتى.

— كىم بىلىدۇ، سىلەر ماڭا بىر زامان قولۋاق ھەيدەپ بېرەمسىلەر تېخى، — دېدى ئۇ ئۇلارنىڭ قول-ۋاقنى تارتىپ چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دوستانىلىك بىلەن، ئۇنىڭ دوستانىلىقى ئارىسىغا بىر خىل تەھدىت يوشۇرۇنغانىدى.

— دوستانە ھالدا چۈشىنىش ھاسىل قىلساق ياخ-شى ئەمەسمۇ، قېنى كۈچەڭلار!

قولۋاق كېمىگە ئېلىپ چىقىلىشى بىلەن تەڭلا، رېسسىننىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇرجەكلىك يەلكەننى چۈشۈرۈۋەتتىم. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن رولنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنى «ماكېدونىيە» نام-لىق كېمىنىڭ يۇقىرى تەرەپتىكى ئىككىنچى قولۋىقىغا قاراپ ھەيدىدى.

قىلىدىغان ئىشىم بولمىغاچقا، «ماكېدونىيە» گە قاراشلىق باشقا قولۋاقلارنىڭ ئورنىنى كۆزىتىشكە باش-

لىدىم. «ماكېدونىيە» ناملىق كېمىنىڭ شامال ئۆرىدى-غان تەرەپتىكى ئۈچىنچى قولۋۇقىغا بىزنىڭ ئىككى قولۋۇقىمىز ھۇجۇم قىلىۋېتىپتۇ، تۆتىنچى قولۋاقنى بىزنىڭ ئۈچ قولۋۇقىمىز قورشىۋاپتۇ. بەشىنچى قولۋۇقى بولسا، ئۆزىگە يېقىن قولۋاققا ياردەم بېرىش ھەلەكچى-لىكىدە ئىدى.

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن مود بروست خانقىزنى تۆ-ۋەنكى بۆلۈمگە چۈشۈپ كېتىشكە بۇيرۇدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ۋەھىمىنى كۆرۈپ رېسسىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

— ئاستىدا سىزنى قورقىتىدىغان ھېچ نەرسە يوق، پەقەتلا بۇرمىسىمان چەمبەرگە باغلانغان بىر ياردارلا بار، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئېتىلغان ئوقلار كېمىدىكىلەرگە تېگىپ كېتىشى مۇمكىن، يارىلىنىپ قېلىشىڭىزدىن ئەنسىرەيمەن.

— بىز بولساق دېڭىزدا كېتىۋاتقان ئاجىزلار، لې-كىن بىز كاپىتان رېسسىنغا ئۆزىمىزنىڭ ئۇنىڭدەك باتۇر ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك.

رېسسىن سەزگۈرلۈك بىلەن ئارقىسىغا قاراپ، بې-شىنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزغا ئامراقلىقىم كېلىدۇ بروست خانقىز، — دېدى ئۇ، — سىزدە كىتاب، ئىدىيە، باتۇرلۇق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ، سىز

يېتىلگەن بىر ئايال ئالىم، سىز دېڭىز قاراقچىسىنىڭ خانىمى بولۇشقا لايىق، ھا ـ ھا... بولدىلا، بۆلارنى كې-يىن سۆزلىشەيلى، — دېدى رېسىن كۈلۈپ كېتىپ، دەل شۇ چاغدا بىر پاي ئوق كېلىپ بۆلۈمچىنىڭ تاختاي تېمىغا تەگدى.

دېڭىز بۆرىسى دەررۇلا پالوبىغا سەكرەپ چىقىپ، مىلتىقنى ئالدى ـ دە، كېمە سالاسۇنىغا تىرىكىنىچە چەنلەپ تۇرۇپ ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. بىر پاي ئوق قول-ۋاقتىن ئەللىك فۇت يىراقلىققا چۈشتى، ئىككىنچى پاي ئوق قولۋاقنىڭ يېنىغا چۈشتى، ئۈچىنچى پاي ئوق پا-لاقچىغا تېگىپ، قولۋاققا يىقىلىپ چۈشتى.

قولۋاقتىكى ئوۋچى شامالغا تايىنىپ قېچىپ كەت-مەكچى بولدى، بىراق بىزنىڭ سۈرئىتىمىز ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە تېز بولغاچقا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدۇق ـ دە، دولقۇندىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇق.

— بۇياققا ئەگىپ كەل! — دەپ ۋارقىرىدى دېڭىز بۆرىسى پالاقچىغا بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

ئۇ بىر تال ئارغامچىنى ھالقىسىمان قىلىپ ئۇ-نىڭغا تاشلاپ بەردى، ئارغامچا ئۇ ئەبلەخكە تېگىپ كې-تىپ، ئۇنى يىقىتىۋېتىشكە تاسلا قالدى، بىراق ئۇ ئوۋ-چىنىڭ بىرنەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ جايىدىن قوزغال-مىدى، ئوۋچىمۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. ئۇ مىلتىقنى ئىككى تىزى ئارىسىغا قىسىۋالغان بولۇپ،

پالاقنى قويۇۋېتىپ مىلتىقنى قولىغا ئالسا، قولۋاق ئايلىنىپ كېتىپ يەلكەنلىك كېمىگە سوقۇلۇشى تۇر-ۋانلا گەپ ئىدى. ئۇ دېگىز بۆرىسىنىڭ مىلتىقنى ئۆ-زىگە تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۆزى ئوق چىقار-غۇچە ئۇنىڭ قولىدا ئۆلىدىغانلىقى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

— قولۋاقنى ئايلاندۇر، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.

پالاقچى يەلكەننىڭ ئارغامچىسىنى بوشاتتى، قولۋاق تېزلا بۇرۇلدى، ئۇۋچى قولۋاقنى «ئالۋاستى» ناملىق كېمە بىلەن تەڭ ھەيدەپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن يىگىرمە فۇتچە كېلەتتى.

— يەلكەننى چۈشۈرۈۋېتىپ، كېمىگە چىقىڭ-لار! — دېدى دېگىز بۆرىسى رېسىن.

ئىككى مەھبۇس كېمىگە چىقىپ قولۋۇقنى كې-مىگە ئېلىپ چىقتى ھەمدە دېگىز بۆرىسى رېسىننىڭ بۇيرۇقى بىلەن يارىلانغان پالاقچىنى ئوپچە بۆلۈمگە كۆ-تۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

— ئەگەر بەش قولۋاقتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە ئوخشاش ئىش قىلغان بولسا، خېلى نۇرغۇن ماتروسقا ئىگە بولۇپ قالىمىزكەندۇق، — دېدى دېگىز بۆرىسى ماگا.

— كېمىنى قولۋاقلار توپلاشقان جايغا قاراپ ھەيدە ۋاڭ ۋېيدېن، — دېدى ئۇ ماگا بۇيرۇق بېرىپ.

بىز ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىمىزدا ئۇرۇش ئاياغ لاشقانىدى، ئۇلارنىڭ ئىككى قولۇقى بىزنىڭ بەش قولۇقىمىز تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ، بىزنىڭ ئۇلا نى كېمىگە تارتىپ چىقىرىشىمىزنى ساقلاپ تۇراتتى.

— ئۇ ياققا قاراڭ! — مەن شەرقىي شىمال تەرەپ كۆرسىتىپ ئۆزۈمنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتىم.

— ھەئە، مەن ئاللىقاچان كۆرگەن، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسىن تەمكىنلىك بىلەن. ئۇ قېلىن تۇمە غىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچەشكە، يۈزىگە ئۇرۇلۇۋاتقان شامالنىڭ كۈچىنى مۆلچەرلەشكە باشلىدى.

— يېڭىپ چىقىشقا ئىشەنچىمىز كامىل، بىر مېنىڭ ئۇ تەلەيلىك ئاكام بىزنىڭ غەرىزىمىزنى بىلە قاپتۇ، قارىمامسەن ئۇنىڭ غەزىپلىك قىياپىتىگە! ھا ھا - ھا!

«ماكېدونىيە» دىن كۆتۈرۈلگەن ئىس كۆپىيىپ بارغانسېرى قويۇقلىشىشقا باشلىدى.

— غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولىدۇ ئاكا، — دېدى سوغۇق كۈلۈپ.

بىز شامالغا قارشى يۆنىلىشتە توختىدۇق. ش چاغدىكى ئەھۋال جىددىي ھەم چىگىش ئىدى. قولۇاق كېمە ئەتراپىغا ئولاشتى، ئەسىرلەر كېمىگە چىقىپ بىلەن بىزنىڭ ئوۋچىلىرىمىز ئۇلارنى ئالدىنقى بۆلۈم ئېلىپ كەتتى، ماتروسلار قولۇاقلارنى كېمىگە تارت

ىقىرىپ، پالوبىغا تەرتىپسىز تاشلاپ قويىدى. گۇلارنى
رغامچا بىلەن چېتىپ قويىدى. ئەڭ ئاخىرقى قولۋاق
يمىگە-چىغرىق ئارقىلىق تارتىپ چىقىرىغاندا، بىز
مىمە تەييارلىقلارنى قىلىپ بولغانىدۇق، ھەممە يەل-
ەنلەر چىقىرىلىپ، يەلكەننىڭ ئارقانلىرى بوشىتىلىپ،
دۇل ئۇرۇلىدىغان شامالنىلا ساقلاپ تۇراتتى.

ھەرىكىتىمىز تېز بولمىسا بولمايتتى. «ماكېدونى-
ە» ناملىق كېمە تۇرخۇنلىرىدىن قاپقارا ئىس چىقىرىپ،
ەرقىي شىمال تەرەپتىن بىزگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ
ىزدا قېپقالغان قولۋاقلىرى بىلەن كارى بولماي،
ىنلىشنى ئۆزگەرتىپ ئالدىمىزغا ئۆتۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇ-
تقاندەك قىلاتتى. ئۇ بىزگە ئۇدۇل كەلمەستىن، ئالدى-
ىزغا ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتاتتى. ئىككى كېمى-
ىڭ يولى ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە بولۇپ، بىر بۇرجىكى
ل قىيلىن تۇماننىڭ چېتىگە توغرا كېلەتتى. «ماكېد-
ونىيە» ناملىق كېمىدىكىلەر شۇ يەردە ياكى شۇ يەرگە
ىتىپ بېرىشتىن بۇرۇن بىزگە يېتىشىۋېلىش نىيە-
ىدە ئىدى. «ئالۋاستى» بولسا «ماكېدونىيە» يېتىشىۋې-
لىشتىن بۇرۇن شۇ جايدىن ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك
ىدى.

— قوراللىرىڭلارنى ئېلىڭلار، بۇرادەرلەر، — دېدى ئۇ
ۋچىلارغا قاراپ. بەش ئادەم كېمىنىڭ شامالغا قارشى تە-
پىنىڭ گىرۋىكىدە مىلتىقلىرىنى ئېلىپ كۈتۈپ تۇردى.

«ماكېدونىيە» ناملىق كېمىنىڭ پالۇبىسىدىن ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى، بىز غايەت قاتتىق بىر ئاۋازنى ئاڭلىدۇق. بىزنىڭ ئاساسىي يەلكىنىمىزدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالدى. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كېمىدە بىرنەچچە كىچىك توپ بار ئىكەن، ئۇلار شۇ توپلار بىلەن بىزنى توپقا تۇتۇۋاتاتتى. بىزنىڭكىلەر كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىلىۋېلىپ، بۆكلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇلارنى مازاق قىلىپ سەت ۋارقىراشتى. قاتتىق ئاۋاز يەنە بىر قېتىم ئاڭلاندى. بىراق بۇ قېتىم ئوق بىكارغا كەتتى. ئۇلار مىلتىقلاردىن ئوق چىقارمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ماتروسلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېڭىزدا بولۇپ، بەزىلىرى بىزگە ئەسىرگە چۈشكەندى. ئىككى كېمىنىڭ ئارىلىقى يېرىم دېڭىز مىلى قالغاندا، ئۇ ـ چىنچى پاي توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاساسىي يەلكەندىن يەنە بىر تۆشۈك ئېچىلدى. بىز قېلىن تۇمان ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. قېلىن تۇمان بىزنى پۈتۈنلەي ئۆز قوينىغا ئالدى.

— ئالدىغا، شامالغا قارشى تەرەپكە قاراپ ھەيدەڭلار، ئاۋاز چىقارماڭلار، — دېدى ئۇ ماڭا پەس ئاۋازدا، — ئالدى بىلەن ئوتتۇرا يەلكەننى چىقىرىڭلار، ئۇلارغا ئېيت، يەلكەننىڭ ئارقىنىنى تارتسۇن، چىغىرىقنىڭ ئاۋازى چىقىپ كەتمىسۇن، سۆزلەشمەڭلار، قەتئىي ئاۋاز چىقارماڭلار!

ناھايىتى ئېنىقكى، دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ پىلانى قېچىپ كېتىش ئىدى، ئۇ ھېلىراقتا پار كېمە-سىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن تۇمان ئىچىگە كىرىپ كې-تىپ، پار كېمىسى تۇمان ئىچىدە ئۇنى ئىزدىگەندە، ئۇ دەرھال قېچىپ چىققان، ئەمدى بولسا كېمىنى شامالغا قارشى تەرەپتىن تۇمان ئىچىگە ئېلىپ كىرگەندى. بۇ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. چۈنكى پار كېمىسى كاپىتانىنىڭ ئۇنى تېپىۋېلىشى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئىش ئىدى.

— ۋان ۋېيدېن ئەپەندى، ئەمدى بىز يېڭى كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈۋالايلى، — دېدى ئۇ رولنى قويۇۋې-تىپ، — ئۇلارغا بىر - نەچچە بوتۇلكا ۋىسكى بەرسەڭلا، ئۇلار بىزگە مايىل بولىدۇ، ئەتىلا ئۇلار بىز تەرەپكە ئۆ-تىدۇ، سىلەر بىلەن قول باغلىشالايمەنكى، ئىلگىرى دو-زاخ ئىلاھى رېسسىنغا دېڭىز يىلپىزى ئوۋلاپ بەرگەن-دەك، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن مەن ئۈچۈن دېڭىز يىلپى-زى ئوۋلايدۇ.

## 23

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن مېنىڭ قولۇمدىن ۋىسكى-لارنى ئېلىپ تىزىشقا باشلىدى. مەن ئالدىنقى بۆلۈمگە يېڭىدىن كەلگەن ياردارلارنى يوقلاش ئۈچۈن ماڭدىم.

كىشىلەر بولۇشىچە ھاراق ئىچمىۋاتاتتى، ئۇلار شۇ كۈنكى جەڭ ئەھۋالىنى توختىماي سۆزلەيتتى، كىچىك ئىشلار ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلاتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تېخى ئۆزلىرىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوست بولۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەسىرلەر بىلەن غالىبلار يېقىن ئۇلتۇرۇ- شۇپ، بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشتى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كەلگۈسىدىكى زۇلۇملىرىنى ئېيتىشىپ ياش تۆكۈشەتتى، ئۇنى قارغىشاتتى، ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى توغرىسىدا ھېكايە- لەرنى ئېيتىشاتتى.

كېمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى غەرق مەست بولدى، بىراق دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىر تېمىمۇ ھاراق ئىچمىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر لۇئى ئىككىمىزگىلا تاپە- ناتتى، لۇئى ھازىر رول باشقۇرۇۋاتاتتى. بىز ئەتراپنى كۆزىتىشكە ئادەم چىقارمىدۇق، چىراغمۇ ياقماي تۇمان ئىچىدە كېتىۋاتاتتۇق، دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ كېمە خادىملىرىنىڭ ھاراق ئىچىشىگە يول قويۇشى مېنى ھەيران قالدۇردى. بىراق ئۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەت- تى، بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلغانلارنى ئۆزئارا دوستلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىلىرىنى بىلەتتى.

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن مېنى ساقلىغاچ، مود خاد- قىز بىلەن ناھايىتى قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەت- كەنىدى. ئۇلارنىڭ مۇنازىرە تېمىسى «ئازدۇرۇش»

توغرىسىدا ئىدى. مەن رىسىمنىڭ «ئازدۇرۇش» بىر ئادەم قايمۇقتۇرۇشلارغا ئالدىنىپ چۈشكۈنلەشكەندە ئاد-دىن ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم. دېڭىز بۆرىسى رىسىمنىڭ روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، مودمۇ ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى، بىر قېتىم مەن تېخى ئۇنىڭ پاراڭلاشقاندىكى ھالىتىگە قاراپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىيالماي قالدىم. ئۇنىڭ چىرايى ئەسلىدە تاتىراڭغۇ بولسىمۇ، بۈگۈن كەچ چىرايىدىن نۇرلار يېغىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ زېرەكلىكى تولۇق نا-مايان بولماقتا ئىدى. ئۇمۇ دېڭىز بۆرىسى رىسىمگە ئوخشاش مۇنازىرىدىن ئاجايىپ زور خۇشاللىق ھېس قىلغانىدى.

تۇيۇقسىز لۇئى شوتا ئاغزىدىن بېشىنى تىقىپ، تۆۋەن ئاۋازدا:

— دىققەت قىلساڭلار بولامدىكىن، تۇمان تارقاپ كەتتى، ھازىر بىر پار كېمىسى بىزنىڭ كېمىنىڭ ئال-دىدىن ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى.

دېڭىز بۆرىسى رىسىن پالۇبىغا سەكرەپ چىقتى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى تېز ئىدى. مەنمۇ ئەگىشىپلا چىقتىم. ئۇ ئۇيچە بۆلۈمنىڭ قاپقىقىنى يېپىپ، مەست-لەرنىڭ ئاۋازىنى يوقاتتى - دە، ئالدىنقى بۆلۈمگە بېرىپ ئۇنىڭ كىچىك ئىشىكىنىمۇ يېپىپ قويدى. تۇمان تار-قىلىپ بولاي دېگەن بولۇپ، مەن ئالدىمىزدا ناھايىتى

روشەن قىزىل ۋە ئاق چىراغنىڭ يورۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم، پار ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ «ماكېدونىيە» ناملىق كېمە ئىدى.

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن كېمە قۇيرۇقىدىكى بۇ-لۇمنىڭ پالوبىسىغا قايتىپ چىقتى، بىز ھەممىمىز چىراغ يورۇقىنىڭ كېمە تۇمشۇقىنى يورۇتۇپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە قاراپ تۇردۇق.

— تەلىيىمگە ئۇلاردا قولچىراغ يوقكەن، — دېدى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن.

ئاق، قىزىل چىراغلار يوقىغاندىن كېيىن، بىز كېمە بۆلۈمىگە قايتىپ كەچلىك غىزاغا قايتا ئولتۇر-دۇق.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قەدىمكىلەرنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشكەندە، مود خانقىز دوۋسوننىڭ[1] «ئا-خىرغىچە تىركىشىش» ناملىق شېئىرىنى تىلغا ئالدى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بولسا ھە دەپ ئىبلىسنى ماخ-تاپلا كەتتى.

— ئىبلىس دېگەن ئەركىن جىن ـ شەيتان، كىشى-لەر ئۇنى باشقۇرىمەن دېسىلا ئۇ چىقماي قالىدۇ، ئەر-كىنلىك ئىچىدە ئازاب تارتىشقا رازىكى، قۇللۇقتا تۇرۇپ راھەت سۈرۈشنى خالىمايدۇ، ئۇ تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىنى

① دوۋسون (E. C. DOWSON, 1900 — 1867) — ئەنگلىيىلىك شا-ئىر.

ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. ئۇ قورچاق ئەمەس، پۈتۈنسۈرۈك ئەركەك، مۇستەقىل ئادەم.

مود ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز خانىسىغا قايتماقچى بولدى. كېيىمە بۆلۈمىدىن دىگىز بۆرىسى رىبىسىنىڭ ئاۋازى يەنىلا ئاڭلاناقتا ئىدى، ئۇ دەلدەگشىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ مىس رەڭ يۈزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى، روھى كۆتۈرەڭگۈ، كۆزلىرىدە ھەيۋەتلىك ئالتۇن رەڭ نۇرلار چاقناپ كەتكەن، ئۇ ئىشىك ئالدىدا مۇلايىملىق بىلەن مودقا قاراپ تۇراتتى.

مودنىڭ كۆزلىرىدە ئاللىقانداق، لېكىن روشەن قورقۇنچ ئالامىتى ئىپادىلەندى.

— سىز دەل ئاشۇ ئىبلىسنىڭ ئۆزى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

مود ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى، رىبىسىن جايىدا بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن ئەسلىگە قايتتى بولغاي، ماڭا بۇرۇلۇپ:

— مەن ئەمدى لۇئىنىڭ ئورنىغا باراي، يېرىم كې-چىدە سېنى چاقىرىمەن. ھازىر بۆلۈمىگە كىرىپ بىرئاز ئۇخلىۋال، — دېدى قىسقىلا قىلىپ.

ئۇ قولىغا پەلىيىنى، بېشىغا بۆكىنى كىيىپ شو-تىدىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ جېكىلىشى بويىچە ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتىم. ئۆزۈمۇ بىلمەيدىغان بىر خىل غەلىتە تۇيغۇدا كىيىملىرىمنى سالمايلا ياتقانىدىم. مەن

ئوپچە بۆلۈمدىكى ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىپ ياتاتتىم، ئۆزۈم ناتىل بولغان مۇھەببەتنىڭ شېرىن خىياللىرىغا چۆمۈلۈپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كەتتى.

قانداقتۇر بىر ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغاندىم ـ دە، كارىۋاتتىن چۈشتۈم، بىر خىل خەتەرلىك ئاگاھلاندۇرۇش ئىلكىدە ھاياجانلىنىۋاتاتتىم، ئىشىكنى ئېچىپ كېمە بۆلۈمىگە كىردىم، كېمە بۆلۈمىدىكى چىراغ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. مەن مودىنىڭ ــ مېنىڭ جانانىمنىڭ دېڭىز بۆرىسى رېىسىنىڭ قۇچىقىدا جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ باشلىرىنى دېڭىز بۆرىسىنىڭ كۆكرىكىگە ئۇراتتى، ئۇنىڭ قوللىرىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى، مەن ئېتىلىپ بېرىپ رېىسىگە بىر مۇشت ئاتتىم. شۇ چاغ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرگەن ۋاقتىغا توغرا كەلگەچكە، مۇشت ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى. ئۇ يىرتقۇچلاردەك ھۆركىرەپ مېنى ئىتتىرىۋەتتى، قولىنى مۇنداقلا ئايلاندۇرغاندەك، بوشلا ئىتتىرگەندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەن خۇددى رەگەتكىدىن چىققان تاشتەك قاڭقىپ چىقىپ كەتتىم. يارىلاندىممۇ ـ يوق، كالالامغا كىرمەيتتى. قاتتىق غەزەپتىن پىچاقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا يەنە ئېتىلدىم.

بىراق دەل شۇ چاغدا غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى: ئۇلار ئىككىسى ئاجرىلىپ كەتكەنىدى. مەن رېىسىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ پىچاقنى كۆتۈردۈمىيۇ، بىراق

يەنە توختاپ قالدىم. مەن بۇ غەلىتە ئەھۋالنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدىم. مود تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى، بىر قولى تامنى تىرىۋالغانىدى، دېڭىز بۆرىسى بولسا سول قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى، ئوڭ قولى بىلەن ئەتراپنى سىيپاشتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ تامنى تۇتۇۋالدى، ئۇ يۆلەنچۈك تاپقاندەك قىلاتتى.

غەزىپىم قايناپ تاشتى، ئۇنىڭ دەستىدىن تارتقان دەردلىرىم ۋە ئازابلىرىم، باشقىلارنىڭ تارتقان ئازابلىرى، ئۇنىڭ ھەممە زوراۋانلىقلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئېتىلىپ باردىم ـ دە، ئۇنىڭ مۈرىسىگە پىچاق تىقىۋەتتىم.

مود مېنىڭ پىچاق تىققىنىمنى كۆرۈپ ۋارقىردۋەتتى.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ!

مەن قولۇمنى چۈشۈردۈمىيۇ، پىچاقنى يەنە كۆتۈردۈم؛ ئەگەر ئوتتۇرىمىزدا مود بولمىغان بولسا، دېڭىز بۆرىسى جېنىدىن ئايرىلغان بولاتتى.

— مېنى دەپ بولسىمۇ ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ.

— سىز ئۇچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

— بولدى سۆزلىمەڭ، — دېدى ئۇ بارماقلىرىنى

لېۋىمگە تەگكۈزۈپ. شۇنداق غەزەپ ئىلكىدە تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ شۇنچىلىك شېرىنلىكىنى ھېس قىلدىم.

— بولدى قىلىڭ! — دېدى ئۇ ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا. ئۇنىڭ سۆزى بىلەن مەن قولۇمنى تارتتىم.

مەن ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ پىچاقنى غىلاپىغا سالدىم.

— ۋان ۋېيدېن! — دەپ چاقىردى دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بوغۇق ئاۋازدا، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي، ۋان ۋېيدېن، نەدىسەن؟

— مەن بۇ يەردە، نېمە ئىش؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ.

— مېنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قوي، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا.

— خېمپولىل، مەن ئاغرىپ قالدىم، قاتتىق ئاغرىپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ.

ئۇ بېشىنى قاماللىغىنىچە شىرەگە يۆلىنىۋالدى. پېشانىسى چىلىق- چىلىق تەر بولۇپ كەتكەنىدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن قولۇمنى مۈرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — ياردىمىم كېرەكمۇ؟

— خېمپولىل، مەن بىرئاز يېتىۋالاي، ماڭا بىرئاز ياردەم قىلغىن، بىردەمدىلا ياخشى بولۇپ قالىمەن،

كاساپەت باش ئاغرىقى، بېشىمنىڭ ئاغرىشىدىن بەكلا قورقىمەن. مېنىڭچە... ياق ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، مېنى كارىۋاتقا يۆلەپ چىقىرىپ قويى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ مەن قانداق قىلسام بولار؟ — دەپ سورىدى مود مەن قايتىپ چىققاندا.

— مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ، — دېدىم مەن.

مەن پالوبىغا چىقتىم. لۇئى رول باشقۇرۇۋاتاتتى.

— ئالدىنقى بۆلۈمگە بېرىپ ئۇخلىغىن، — دېدىم رول ئالدىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

ئۇ ئۇخلىغىلى كەتتى، مەن تىۋىش چىقارماي ئالدىنقى يەلكەننى چىقاردىم، ئۈچ بۇرجەك يەلكەن بىلەن ئارغامچىسىنى يەشتىم ـ دە، ئۈچ بۇرجەك يەلكەننى ئايلاندۇرۇپ، ئاساسىي يەلكەننى چۈشۈرۈۋەتتىم. ئاندىن كېيىن مودنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۈنىمگە ئۈندىمەسلىكنى ئىشارەت قىلدىم ـ دە، دېڭىز بۆرىسى رېسىنىنىڭ بۆلۈمگە كىردىم، ئۇ يەنىلا بايىقى ھالىتىدە بولۇپ، بېشىنى توختىماستىن مىدىرلىتاتتى.

— ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئۇ دەسلەپتە ئۈن چىقارمىدى، مەن سۆزۈمنى قايتىلىغاندىن كېيىنلا:

— ياق، مەن ھازىر ناھايىتى ياخشى، مېنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، تاڭ ئاتقاندا بىرنەرسە دېيىشەيلى، —

دېدى.

مود تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ-نىڭ گۈلدەك چېھرىسى، نۇرلۇق ۋە مۇلايىم كۆزلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— مېنىڭ بىلەن بىرگە 600 دېڭىز مىلى يىراق-لىققا سەپەر قىلالامسىز؟

— دېمەكچى بولغىنىڭىز...

مەن ئۇنىڭ قىياس قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

— مەن دەل شۇنداق دېمەكچى، — دېدىم جاۋاب بې-رىپ.

— مېنى دەپ شۇنداق قىلىۋاتىسىز، سىز بۇ يەردە بۇرۇنقىدەكلا بەختەر يۈرەلەيتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ياق، بۇ يەردە بۇ قۇرۇق كېمىدىن باشقا ھېچ-نېمە قالمىدى، قېلىن كېيىنىۋېلىڭ، ئالغىلى بولىدى-غانلىكى نەرسىلەرنى يۆگەپ تېڭىڭ، — دېدىم مەن كەسكىنلىك بىلەن.

ئۇ كېمە بۆلۈمچىسىگە كىرىپ كەتتى.

پالوبا ئارىسىدىكى ئامبار كېمە بۆلۈمىنىڭ ئاستىدا ئىدى، مەن قاپقاقنى ئېچىپ بىر تال شام ياندۇرۇپ، كېمىدىكى نەرسىلەرنى ئاختۇرۇشقا باشلىدىم. كونسېرۋا قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆپرەك ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردىم.

بىز جىددىي تۇتۇش قىلىپ، ئالغان نەرسىلىرىمىزنى

پالوبىغا توشۇپ، ئۇنى كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يوشۇرۇپ قويدۇق، قورال ئېلىۋالمىساق بولمايتتى، شۇڭا مەن دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ بۆلۈمىگە قايتا كىرىپ، ئۇنىڭ ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ چىقتىم. ئوپچە بۆلۈمىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىن ئىككى قاپ ئوقمۇ ئېلىۋالدىم.

مەن قولۋاقنى سۇغا چۈشۇرۇپ، مود خانقىزنى يۆلەپ كېمىنىڭ گىرۋىكىدىكى رېشاتكىدىن ئارتىلىپ چۈشۈشكە باشلىدىم، ئۇنىڭ بەدىنى بەدىنىمگە تېگىپ تۇرغاچقا، «سىزنى سۆيىمەن»، «سىزنى سۆيىمەن» دەپ ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتىم. مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۇنى قولۋاققا چۈشۈرۈۋېتىپ، ئىچىمدە «ھەي خېمپولىل ۋان ۋېيدېن ئەپەندى، ئاخىر مۇھەببەتلەشتىڭ - ھە!» دەيتتىم. ئۇنىڭ پۇتى قولۋاققا تېگىشىگە، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتىم ۋە چىغىرىقنى تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن قولۋاققا سەكرەپ چۈشتۇم.

— ياپونىيە دەل ئالدىمىزدا، — دېدىم مەن.

— خېمپولىل ۋان ۋېيدېن، — دېدى ئۇ، — سىز ھەقىقىي ئەركەككەنسىز.

— ياق، قىزلارنىڭ باتۇرى سىز، — دېدىم مەن.

مەن ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ، «ئالۋاستى» ناملىق كېمىگە ئاخىرقى قېتىم بىر قاراپ قويدۇم.

## 24

تاڭ يورۇشقا باشلىدى، دېڭىز يۈزى تۇتۇق ھەم سوغۇق ئىدى. قېلىن پەلەي كىيىۋالغان بولساممۇ، بارماقلىرىم مۇزلاپ، پالاق ئۇرغىنىمدا قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى پۇتۇممۇ سوغۇقتىن يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىيتتى. شۇڭا مەن قۇياشنىڭ تېزرەك كۆتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلماقتا ئىدىم.

مود قولۋاق ئىچىدە قېلىن ئەدىيالغا يۆگىنىپ ياتاتتى. مەن ئۇنىڭغا كۆزۈمنى ئۈزمەي قارايتتىم، ئۇ ئاخىر مىدىرلاپ، يېپىنىۋالغان ئەدىيالنى قايرىپ، ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنىلا ئۇيقۇغا قانمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— خەيرلىك سەھەر، ۋان ۋېيدېن ئەپەندى، قۇرۇقلۇقنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ياق تېخى، ياپونىيە بىزنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىمىزدىن 600 دېڭىز مىلى يىراقلىقتا، ئەگەر شامالنىڭ كۈچى ئۆزگەرمىسە، بەش كۈندە يېتىپ بارالايمىز، — دېدىم مەن.

— ئەگەر قاتتىق بوران ـ چاپقۇن بولسىچۇ؟ قولۋاق بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟

— ئەگەر بوران قاتتىق چىقىپ كەتسە...، — دېدىم

مەن ئىككى قىزلىق قىلىپ.

— ئەگەر بوران بەك قاتتىق چىقىپ كەتسە چاتاق بولارمۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— بۇ يەردە دېڭىز يىلپىزى ئۇۋۇلايدىغان كېمىلەر ناھايىتى كۆپ، ھەرقانداق چاغدا بىرەر كېمە بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى مۇمكىن.

— نېمە بولدىڭىز، بەك مۇزلاپ كەتكەن ئوخشايسىز، تىترەپ كېتىپسىز. مەن بولسام دوخوپكىنىڭ ئىچىدە ياتقاندەك ئىسسىپ كەتتىم.

— سىزنىڭچە، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ مۇزلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدىم مەن كۈلۈپ كېتىپ.

— مەن پالاق ئۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسام ياخشى بولاتتى، مەن چوقۇم ئۆگىنىۋالىمەن.

ئۇ ئولتۇرۇپ دېڭىز سۈيىدە يۈزىنى چالا ـ پۇچۇق يۇيدى، ئۇنىڭ قويۇۋېتىلگەن چاچلىرى قوڭۇر رەڭ بولۇتتەك مۈرىسىگە، يۈزلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئاھ، سۆيۈملۈك نەم قوڭۇر چاچلار! مېنىڭ ئۇ چاچلارنى پۇرىغۇم، سىلىغۇم، يۈزلىرىمنى ياققۇم كېلىپ كەتتى. مەن تۇغما تەھلىلچى، غايىچى، رومانتىك ئادەم بولسام، مۇھەببەتلىشىشتىكى نۇرغۇن ماددىي ئامىللارنى ئەمدىلەتىن چۈشىنىپ قېلىۋاتاتتىم.

بۈرۈن مەن قىز ـ يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

مۇھەببەتنى روھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمەن ئالىي-جاناب نەرسىلەر دەپ قارايتتىم. مۇھەببەتلىشىشتىكى تەن ئامىلى مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ھازىر بولسا يېڭى بىر شېرىن تۇيغۇنى باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتىم. روھنىڭ تەندە پەيدا بولىدىغانلىقىنى، ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدىم. مەن مودىنىڭ شۇ سۆمبۇل چاچلىرىغا قاراپ ئولتۇرغىنىمچە، مۇھەب-بەتلىشىشنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

— گەرچە مېنىڭ دېڭىزچىلىقتىن خەۋىرىم بولمىسىمۇ، پەمىمچە قولۋاق ياخشى كېتىۋاتىدۇ، — دې-دى ئۇ مېنىڭ قولۋاق ھەيدەش ماھارىتىمنى ماختاپ.

— بىراق مېنىڭ بۇ ھۈنىرىم شامال كۈچىدىن پايدىلانغاندىلا ئەسقاتىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەن-دۈرۈپ، — قولۋاقنى ئەركىن ھەيدەش كېرەك، شامال قولۋاقنىڭ كەينىگە ئۇرۇلۇپ تۇرسا ياخشى. قولۋاقنىڭ تۇمشۇقى ياكى گەۋدىسى شامالغا يۈزلەنگەندە رولنى باشقۇرسام بولمايدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

— سىز بىلگەن تېخنىكىلارنى مەن بىلمەي-مەن، — دېدى ئۇ، — بىراق بۇ يەكۈنىڭىز ماڭا ئايان، مەن بۇ يەكۈننى ياقتۇرمايمەن. سىز كېچە-كۈندۈز رول تۇتۇپ ئولتۇرالمايسىز، شۇڭا مەن ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن رول تۇتۇشنى ئۆگىنىش ئۈمىدىدە، مەن رول تۇتالىسام، سىزمۇ يېتىپ ئۇخلىيالايسىز. بىز خۇددى

چولڭ كىيمىدىكىگە ئوخشاش ئىسمىنا بويىچە ئىشلىسەك بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— مېنىڭ بۇ بىرىنچى قېتىم قولۋاق ھەيدىشىم، مەنمۇ ئەمدى ئۆگىنىۋاتىمەن، سىزگە قانداق ئۆگىتىشنى بىلمەيمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ.

— ئۇنداقتا، ئەپەندىم، بىرلىكتە ئۆگىنەيلى، سىز-نىڭ بىر كېچە قولۋاق ھەيدەش تەجرىبىڭىز بارغۇ، شۇنى ماڭا ئۆگەتسىڭىز بولىدۇ. ئەمدى ئەتىگەنلىك تاماق يەيلى.

ئاددىيلا غىزالانغاندىن كېيىن، مود رول تۇتۇشنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى يارامىلىق ئوقۇغۇچى ئىدى. يۈنىلىشنى بەلگىلەش، شامالغا ئەگە-شىپ مېڭىش، جىددىي ئەھۋال كۆرۈلگەندە يەلكەن ئار-غامچىسىنى تاشلاش قاتارلىقلارنى بىردەمدىلا ئۆگىنى-ۋالدى. ئۇ بۇلارنى ئۆگىنىۋېلىپلا، ماڭا قولۋاقتا ئورۇن راسلاپ بېرىپ، قولۋاقتا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىغىچە بە-ھۇزۇر ئۇخلىشىمنى تاپىلىدى. مەن ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئۇ ئۆز قولى بىلەن راسلاپ بەرگەن ئورۇنغا كى-رىپ ياتتىم، پۈتۈن بەدىنىم خۇددى بۇلۇت ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ھۇزۇرلىنىپ كەتتى. قارىغاندا قىزنىڭ مېھرىبانلىقى ئەدىيالغا ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ، مەن بىر خىل ئىللىق سېزىم ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتىم. بىر ئۇخلىشىمدا يەتتە سائەت ئۇخلاپتىمەن! ئۇ يەتتە سائەت

رول تۇتۇپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن رولنى ئالغاندا ئۇنىڭ بار-ماقلىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ ھەممە كۈچىنى سەرپ قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئولتۇرغان جايىدىنمۇ تۇرال-مايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. مەن يەلكەن باغلىغان ئارغامچىنى دېڭىزغا تاشلاپ قويۇپ، قىزنى ئەديالغا ياتقۇزۇپ، قول ۋە بىلەكلىرىنى ئۇۋۇلىدىم.

كەچ كىرگەندە بوران كۈچىيىپ، قولۋاق بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى، مەن يەلكەننى چۈشۈردۈم، بىر لەڭگەر ياسىدىم ـ دە، ئۇنى ئارغامچا بىلەن قولۋاقنىڭ ئۇچىغا باغلاپ دېڭىزغا تاشلىدىم. لەڭگەر سۇغا چۆكۈپ تۇرغان بولغاچقا، شامالنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي، قولۋاقنى ئاستىلىتالايتتى، شۇنىڭ بىلەن قولۋاق دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەيتتى، بۇ دېڭىزدا چوڭ دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە، قولۋاققا سۇ كىرىپ كېتىشتىن ساقلىنىشنىڭ ياخشى چارىسى ئىدى.

كېيىنكى ئېيتالايمەنكى، مەندە شۇ تاپتا ئازراقمۇ قورقۇنچ، ۋەھىمە يوق ئىدى. مود بروست بىلەن تونۇش-قاندىن بۇيان باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدىم.

مېنىڭچە باشقىلارنى سۆيۈش باشقىلار تەرىپىدىن سۆيۈلگەنگە قارىغاندا كىشىگە تېخىمۇ ھوزۇر بېغىش-لايدۇ، كىشىنى زېرەكلەشتۈرىدۇ. مەن باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرگەن چېغىمدا، ئۆزۈمنىڭ ھاياتىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. بىراق بۇنىڭ ئۆزىمۇ بەكلا زىددىيەتلىك ئىش

ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق دەپ قارىغان چېغىمدا، تىرىك قېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنۇۋاتاتتىم.

## 25

بۇ بىرنەچچە كۈندە بىز دېڭىزدا لەيلەپ يۈردۇق، بىزنىڭ قولۋاقتا تارتقان جاپالىرىمىزنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار. كۈچلۈك غەربىي شىمال شامىلى 24 سائەت چىقتى، بۇ شامال پەسەيگەندىن كېيىن كەچقۇرۇن يەنە غەربىي جەنۇب بورىنى چىقتى، بوران بەك كۈچلۈك بولغاچقا، بىز يەنە لەڭگەر تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇق.

تاڭ ئاتقاندا مەن دېڭىزدا دولقۇن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، قولۋاقنىڭ لەڭگەرنى سۆرىگىنىچە ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغانلىقىنى بايقىدىم. قولۋاقنىڭ دېڭىز دولقۇنى زەربىسىدە ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى، قولۋاققا سۇ كىرىپ كەتتى، مەن توختىماي سۇ تۆكەتتىم، ئەددىيالللارمۇ سۇغا چىلىشىپ كەتكەندى. مود ئۇستىگە كىلىيونكىدىن تىكىلگەن كىيىم، پۇتىغا رېزىنكە ئۆتۈك، يامغۇرلۇق بۆك كىيىۋالغانلىقتىن ھۆل بولۇپ كەتمىگەندى، ئۇمۇ تالىشىپ تۇرۇپ سۇ تۆكتى، ئۇ بوران ـ چاپقۇندىن ئازراقمۇ قورقمىدى.

بوران يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلاتتى، سوغۇق ئادەمنى ئەندىكتۈرەتتى. ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىكى مود چارچاپ كېتىپ ئۇخلاپ قالدى. مەن بەكلا قورقۇپ كەتتىم، ئۇ-نىڭ كېچىدە ئۆلۈپ كېتىشىدىن بەكلا قورققانىدىم، ئەتىسى ھاۋا يەنىلا بۇلۇتلۇق ئىدى، دېڭىزدا بوران ھۇشقىتىپ، دېڭىز سۈيى ھۆركىرەيتتى، ھاۋا سوغۇق ھەم تۇتۇق ئىدى.

مەن ئۇخلىمىغىلى قىرىق سەككىز سائەت بولدى، پۈتۈن بەدىنىم ھۆل بولۇپ كەتتى، قاتتىق مۇزلاپ كەت-تىم، مېنىڭچە تىرىكلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. پۇت - قولۇم قېتىپ قالغان بولۇپ، ئازراقلا مىدىرلىسام مۇسكۇللىرىم قاتتىق ئاغرىپ كېتەتتى، بىراق مەن بەل قويۇۋەتسەم بولمايتتى، بىز داۋاملىق شەرقىي شىمالغا قاراپ لەيلەپ يۈرۈپ، ياپونىيىدىن ئۆتۈپ بېرىڭ دېڭىزىغا بېرىپ قالغانىدۇق.

بىراق بىز يەنىلا تىرىك قالدۇق، قولۋېقىمىزمۇ چۆكۈپ كەتمىدى، دېڭىز شامىلى ئاجىزلاي دېمەيتتى، ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى شامال تېخىمۇ كۈچەي-يىپ كەتتى، مەن قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە، قولۋاق قۇيرۇقىدىكى يەلكەن ئارغامچىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. تۆتىنچى كۈنى سەھەردە شامال ئاجىزلىشىپ، دولقۇنمۇ پەسىيىپ قالدى، كۈن چىققانىدى. قۇياش نۇ-رىدا كاردىن چىققان بەدىنىم بىرئاز ئارام تېپىپ قالدى،

بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىغىنىمىزچە كۈلۈشۈپ كەت-
تۇق. ئەھۋالىمىز خېلى ياخشىلاندى.

نەچچە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي چىققان بوران دې-
ڭىزدا ئاسمان ـ پەلەك دولقۇنلارنى پەيدا قىلىپ بىزگە
تەھدىت سالغاندى، مەن شامال ئۆرۈۋاتقان تەرەپكە ئې-
رەنسىزلىك بىلەن مەقسەتسىزلا قارىدىم، كۆزۈمگە بىر-
نەرسىلەر كۆرۈندى، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، مەن
بۇرۇلۇپ مودقا قارىدىم، ئۇنىڭ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۇ-
ماق مەڭزى، شامالدا ئۇچۇپ تۇرغان چاچلىرى، باتۇرلۇق
چىقىپ تۇرغان قوڭۇر رەڭ كۆزلىرى كۆرۈش سەزگۈ-
يۈمنىڭ مېنى ئالدىمىغانلىقىغا ئىشەندۈردى. شامال ئۇ-
رۇۋاتقان ياققا يەنە قارىدىم، دېڭىزغا ئىچكىرىلەپ
كىرگەن قۇرۇقلۇقنىڭ تۇمشۇقى قارىيىپ كۆرۈندى،
دېڭىز دولقۇنلىرى ئۇنىڭغا ئۇرۇلاتتى ـ دە، فونتاندەك
ئەتراپقا چاچرايتتى.

قارا ۋە خەتەرلىك دېڭىز قىرغىقى شەرقىي جەنۇبقا
قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەنىدى.

ــ مود، ھوي مود، ــ دەپ چاقىردىم مەن.

ئۇ بۇرۇلۇپ مەن كۆرسەتكەن ياققا نەزەر تاشلىدى.

ــ ئالياسكا ئەمەستۇ! ــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ.

ــ تولىمۇ ئېپسۇس، بۇ يەر ئالياسكا ئەمەس. سىز
سۇ ئۈزەلەمسىز؟

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— مەنمۇ ئۈزەلمەيمەن، — دېدىم مەن، — بىز ئۈزۈپ قۇرۇقلۇققا چىقالمايمىز، قولۋاقنى قىيا تاشلار ئارىسى بىلەن ھەيدەپ كىرىپ، يامىشىپ چىقايلى، ھەرىكىتىمىز تېز ۋە ئەپچىل بولمىسا بولمايدۇ.

تەگرىنىڭ ھىممىتى بىلەن بىز بىرىنچى، ئىككىنچى تۇمشۇقتىن غەربىي شىمال شامىلىغا تايىنىپ ئۆتۈپ كەتتۇق. بىراق ئىككىنچى تۇمشۇقتىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدۇق. ئۈچىنچى تۇمشۇقتىنمۇ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتۇق. دېڭىز تاشقىنى بىزنى قۇرۇقلۇق تۇمشۇقىنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىپ كىردى، بۇ يەردە شامال يوق ئىدى، دېڭىز قىرغىقىمۇ مۇشۇ يەردىن ئىچىگە كىرىپ كەتكەن بولۇپ، دېڭىز قولتۇقى ئىچىدە يەنە بىر دېڭىز قولتۇقى بارلىقىنى بايقىدۇق، بۇ جاي دېڭىز ساھىلىغا 100 يۇز فۇتلا كېلەتتى.

قولۋاقنىڭ تۇمشۇقى قاتتىق شېغىلغا تىرىلىپ توختىدى. مەن قولۋاقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، مودنى يەرگە چۈشۈرگىنىمدە ئۇ دەررۇلا بىلىكىمگە ئېسىلىۋالدى، مەنمۇ قۇملۇق ساھىلغا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا سەنتۈرۈلۈپ كەتتىم. دېڭىزدا شۇنچە ئۇزاق يۈرۈپ، قۇرۇقلۇققا كۆنەلمەي قېلىۋاتاتتۇق.

## 26

سەرەڭگە ئىلىنىۋالمىغىنىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم.

— بىرەر تال سەرەڭگىمۇ ئىلىنىۋالماپتىمىز، ئەمدى ئىسسىق قەھۋە، شورپا، چايلارنى ئىچەلمەيدىغان بولدۇق – تە.

— بۇنىڭغىمۇ ھېچقىسى يوق، ئۇنىڭسىزمۇ بۇ يەرگە كېلىۋالدۇققۇ، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، — ئوت بولمىسىمۇ ئوخشاشلا ھايات كەچۈرەلەيمىز.

مەن زارلىنىشنى توختىتىپ، كېمە يەلكىنى بىلەن مود ئۇچۈن بىر چېدىر ياساشقا باشلىدىم. چېدىر پۈتمەي تۇرۇپلا كەچ كىرىپ كەتتى، شۇ كېچىسى يامغۇر ياغـ قاچقا، ئۇ ئامالسىز قولۇاقتا كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى سەھەردە كەينىمىزدىن ئۇرغان قاتتىق شامال چېدىرنى ئۇچۇرۇپ 30 يارد يىراقلىقتىكى ساھىلغا ئاپىرىپ تاشـ لىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز قولۇاققا ئولتۇرۇپ بۇ ئارالدا ئادەم بار – يوقلۇقىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدۇق. ئەتىگەنـ لىك تاماق ۋاقتىدا مەن ئوۋ مىلتىقىنىڭ ئوقى ئىچىـ دىكى پوروخ ئارقىلىق ئوت ياقماقچى بولدۇم، سول قوـ لۇمدا بىر پارچە قەغەزنى تۇتۇپ، ئوڭ قولۇمغا تاش ئېـ لىپ ئوق بېشىغا ئۇردۇم. ئاق ئىس چىقىپ ئوت ئۇچـ قۇنلىرى چاچرىدى، قەغەز ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە

باشلىدى.

مود خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىپ كەتتى.

— برومىتوسنىڭ ئۆزى بولدىڭىزغۇ!

مەن ياغاچ پارچىلىرىنى تىزدىم، ياغاچ پارچىلىرى، تاياقلار كۆيۈشكە باشلىدى، مەن سۇ قايناتتىم، مود قەھۋە دەملىدى. مەن سۇغا پېچىنە ۋە كالا گۆشى كونسېرۋاسىنى سېلىپ قايناتتىم. بىز بىر ۋاخ خېلى ئوبدان غىزالاندۇق. بىز قەھۋە ئىچكەچ ئەھۋالىمىز توغرىسىدا پاراڭلىشىشقا باشلىدۇق.

مېنىڭ دېڭىز قولتۇقىدىن بىرەر قاراۋۇلخانا تېپىشقا ئىشەنچىم بار ئىدى، چۈنكى بېرىڭ دېڭىزىدىكى دېڭىز يىلپىزى ئۇۋىلىرىنى قاراۋۇلخانىلار قوغدايتتى، بىراق مود بۇ يەردىكى دېڭىز يىلپىزى ئۇۋىسىنى ھېچكىم بىلمەسلىكى مۇمكىن دېدى.

— ئەگەر سىزنىڭ دېگىنىڭىز راست بولۇپ چىقسا، — دېدىم مەن، — ئۇنداقتا بىز قىشنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزىمىز، بىزنىڭ يېمەكلىكىمىز يەتمەيدۇ، بىراق بۇ جايدا دېڭىز يىلپىزلىرى ناھايىتى كۆپ، كۈزلۈكى ئۇلار بۇ يەردىن كېتىدۇ، شۇڭا بىز دەرھاللا دېڭىز يىلپىزى گۆشىنى راسلىۋالمىساق بولمايدۇ، ياغاچ تېپىپ كېلىپ، ئۆيدىن بىرنى ياسايمىز، چىراغ يېقىش ئۈچۈن دېڭىز يىلپىزى يېغى يىغىشىمىز كېرەك. قىسقىسى، ئەگەر بۇ ئارالدا ئادەم بولمىسا، بىز بەكلا ئالدىراش

بولۇپ كېتىمىز، لېكىن بۇ ئارالدا ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ خاتالاشمىغانىدى، بىز قېيىق بىلەن دېڭىز قىرغىقىنى ئايلىنىپ، دېڭىز قولتۇقىنى دۈربۈن بىلەن كۆزەتتۇق، قۇرۇقلۇققىمۇ چىقتۇق، لېكىن ئادەم تۇرغانلىق ئىزنالىرىنى بايقىمىدۇق، مودنى ئۈمىدسىزلەندۈرگۈم كەلمەي، قېيىقنى يەنە دېڭىزغا ھەيدىدىم، ئارالنىڭ شەرقىي شىمال تۇمشۇقى، جەنۇبىي قىرغاقلىرىدا ساھىل يوقكەن. كەچ كىرمەيلا بىز ئارالنى بىر ئايلىنىپ چىقتۇق. چامىمچە ئارالنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 25 دېڭىز مىلى، كەڭلىكى ئىككى دېڭىز مىلىدىن بەش دېڭىز مىلىگىچە كېلەتتى. ئارالدا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 200 مىڭچە دېڭىز يىلپىزى بار ئىدى. ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب بۆلىكىنىڭ يەر شەكلى ئەڭ ئېگىز بولۇپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ پەسلەپ باراتتى ـ دە، دېڭىزغا كىرگەن قىسمى دېڭىزدىن بىرنەچچە فۇتلا چىقىپ تۇراتتى. بىز تۇرغان كىچىك دېڭىز قولتۇقىدىن باشقا دېڭىز قولتۇقلىرى بارا ـ بارا ئېگىزلەپ باراتتى. قىيالىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوتلاقلاردا مۇخ ۋە تۇنىدىرا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسكەن بولۇپ، دېڭىز يىلپىزلىرى شۇ ئوتلاقلار ئارىسىدا ئىدى. ئەتراپ ئېگىز ـ پەس بولۇپ، ناھايىتى زەي ئىدى. 200 مىڭ دېڭىز يىلپىزىنىڭ

ئاۋازلىرى قۇلاقنى ياراتتى، بۇ يەر قاقاس ھەم قور-
قۇنچلۇق ئىدى، ھاياتمي كۈچى تېشىپ تۇرغان مودمۇ
كىچىك دېڭىز قولتۇقىغا قايتىپ كېلىپ بەكلا ئۇ-
مىدسىزلەندى.

## 27

بۇ ئارالنى تىرىشچانلىق ئارىلى دەپ ئاتىشىمىز ئا-
ساسسىز ئەمەس ئىدى.

بىز توپتوغرا ئىككى ھەپتە جاپالىق ئىشلەپ، بىر
ئىبغىز ئۆي سېلىۋالدۇق. مود ئۇنىمىغىنىمغا ئۇنىماي
كېلىپ ياردەملەشتى. مەن ئۇنىڭ يېرىلىپ، قان چىقى-
ۋاتقان قوللىرىنى كۆرگىنىمدە يىغلىۋېتىشكە تاس-
تاماس قالاتتىم. ئېسىلزادىلەر جەمەتىدىن كېلىپ چىق-
قان بۇ قىز جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ، بارلىق كۈ-
چىنى چىقىرىپ يېزا ئاياللىرىدەك ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدىن بىر خىل قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى.

كىچىك ئۆينىڭ تېمىنى قوپۇرۇش قىيىنغا توخ-
تىمىدى، ھەممە ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتات-
تى. بىراق ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى نېمە بىلەن ياپارمىز؟

—ۋېنىستتا ئۆينىڭ ئۆگزىلىرى دېڭىز پىلىنىڭ
تېرىسى بىلەن يېپىلىدۇ،— دېدىم مەن.

—ئۇنداقتا بىز دېڭىز يىلپىزىنىڭ تېرىسى بىلەن

ياپساقچۇ؟ — دېدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى دېڭىز يىلپىزى ئوۋلاشقا چىقتۇق. مەن مىلتىق ئېتىشنى بىلمەيتتىم، شۇڭا مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم، دەسلەپتە ئوتتۇز پاي ئوق بىلەن ئاران ئۈچ دېڭىز يىلپىزىنى ئاتتىم. بۇنى كۆرۈپ، ئىچىمدە مەن مىلتىق ئېتىشنى ئۆگىنىپ بولغۇچە ئوقۇم تۈگەپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپمۇ قالدىم.

— كالتەك ئارقىلىق دېڭىز يىلپىزى ئوۋلاشتىن باشقا ئامال يوق، مەن ئىلگىرى ئوۋچىلارنىڭ كالتەك بىلەن دېڭىز يىلپىزى ئوۋلىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ قارىغا ئېلىشقا ماھىر ئەمەسلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن. بەختەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ مەن بىلەن بىللە بېرىشقا چىڭ تۇرۇۋالدى.

— «لىمغا قىل يۆلەك» دەيدىغان گەپ بار، مەن بىر ئاجىز ئايال بولسامۇ، ئازراق بولسىمۇ ياردىمىم تېگىپ، سىزنى چوڭ بالا ـ قازادىن ساقلاپ قالسام ئەجەب ئەمەس، — دېدى ئۇ.

ئەتىسى سەھەردە بىز بىللە ئوۋغا چىقتۇق، مەن قولقاقنى يېنىمىزدىكى دېڭىز قولتۇقىغا ھەيدەپ كىرىپ، دېڭىز ساھىلىغىچە باردىم. ئەتراپىمىزدىكى دېڭىز ئۈستى ۋە دېڭىز ساھىلىنىڭ ھەممىسى دېڭىز يىلپىزلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، ئۇلار سەت ئاۋازدا

چىرقىرىشاتتى.

مەن قولۋاقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، نۇرغۇن چىشى دېڭىز يىلپىزلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، يالىلىق ئەر-كەك دېڭىز يىلپىزلىرىغا قاراپ ماڭدىم. غەزەپلەنگەن ئەركەك دېڭىز يىلپىزى ئالدىنقى ئۈزگۈچى قانىتىنى كۆتۈردى. بىزنىڭ ئارىلىقىمىز 12 فۇتلا كېلەتتى. مەن ئۇنىڭ قېچىشىنى ئۈمىد قىلىپ داۋاملىق ئالدىمغا قا-راپ مېڭىۋەردىم، ئارىلىق ئالتە فۇت قالغاندا توساتتىنلا ئەنسىرەپ قالدىم، دەل شۇ چاغدا ئۇ خارتىلدى- دە، ھۆركىرەپ ماڭا ئېتىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزى يوغان ئېچىلغانىدى، ئاپئاق چىشلىرىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى. مەن نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا قاچتىم. ئۇمۇ ناھايىتى تېز يۈگۈرۈۋاتاتتى، مەن قولۋاققا سەكرەپ چىقىۋالغاندا ئۇمۇ كەينىمدىنلا كەلدى، مەن پالاق بىلەن قولۋاقنى سۇغا ئىتتىرگەندە ئۇ پالاقنى چىشلىۋالدى. قاتتىق پالاق ئۇنىڭ چىشلىرى ئارىسىدا خۇددى تۇخۇم شاكىلىدەك مىجىلىپ كەتتى. مود ئىككىمىز ھەيران بولغىنىمىزچە قاراپ تۇرۇپلا قالدۇق. خېلىدىن كېيىن-مۇ ئۇ يەنىلا قولۋاق ئاستىدا ئۇياق- بۇياققا ئۈزەتتى، قولۋاق ئاستىنى چىشلەپ، شىددەت بىلەن ئىرغىتاتتى.

— ئاھ تەڭرىم، تېز كېتەيلى! — دېدى مود.

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— باشقىلار قىلالىغان ئىشنى مەنمۇ قىلالايمەن، بىراق كېلەر قېتىم ئەركەك دېڭىز يىلپىزى ئۆلمەيـ ـمەن.

مەن قولۋاقنى 200 فۇت يىراقلىقتا ھەيدەپ بارـ دىم ـ دە، ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن قايتىدىن قۇرۇقلۇققا چىقتىم.

— ئېھتىيات قىلماڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ كەيـ ـنىمدىن.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئەڭ يېقىندىكى چىشى دېڭىز يىلپىزىغا ھۇجۇم قىلدىم، ئىككى كالتەك سالساممۇ ئۇ ئۆلمىدى.

— دىققەت قىلماڭ! — مودىنىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى.

مەن ھاياجانلانغىنىمدىن باشقا نەرسىلەرگە دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن، بېشىمنى كۆتۈرۈپ بىر ئەركەك دېڭىز يىلپىزىنىڭ ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردۈم. مەن دەررۇلا قولۋاققا سەكرەپ چىقىۋالدىم. ئەركەك دېڭىز يىلپىزى تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتـ ـتى، بۇ قېتىم مود قايتىش تەكلىپىنى بەرمەي، كىـ ـچىك ـ كىچىك دېڭىز يىلپىزىغا ھۇجۇم قىلىشىمنى تەشەببۇس قىلدى.

— ئاۋۇ يەردە بىرسى بار ئىكەن، — دېدىم مەن سۇ ئىچىدىكى بىر كىچىك دېڭىز يىلپىزىنى كۆرسىـ ـتىپ، — ئۇنىڭغا قاراپ تۇرايلى، قىرغاققا چىقسىلا

كەينىگە چۈشەيلى.

ئۇ قىرغاقتا قاراپ تۇرۇپ، ئىككى دېڭىز يىلپىزى ئارىسىدىن قىرغاققا چىقىپ، چىشى دېڭىز يىلپىزلىرى ئارىسىدىن ئاستا ئۆمىلەپ ئۆتۈپ كەتتى.

— مۇشۇ يەردە قول سالايلى، — دېدىم مەن قولۋاق-تىن چۈشۈۋېتىپ، ئەمما بۇ ھايۋانلار توپى ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قاتتىق قورقۇنچ ئىچىدە قالغانىدىم.

قىز قولۋاقتىن سەكرەپ چۈشۈپ يېنىمدا تۇردى، مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كەتتىم.

ئۇ قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

— شۇنداق، مەن سىز بىلەن بىرگە بارىمەن، سىز قولۋاقنى باغلاپ قويسىڭىزلا بولىدۇ، ماڭا كالتەكتىن بىرنى بېرىڭ.

چىشى دېڭىز يىلپىزلىرى چىقارغان ئاۋازدىن ئا-دەمنىڭ بېشى ئاغرىپ كېتەتتى. بىراق ئۇلارنىڭ چىر-قىرىغىنىدىن باشقا دۈشمەنلىك غەرىزى كۆرۈنمىدى. مود ماڭا چىڭ يېپىشىۋېلىپ:

— بەكلا قورقىۋاتىمەن، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ. مەن ئىختىيارسىز ھالدا قو-لۇمنى ئۇزىتىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدىم.

بىز 400 مېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن كىچىك دېڭىز يىلپىزلىرىنى ئۇچراتتۇق، مەن ۋارقىراپ، كالتەك بىلەن

ھەيۋە قىلىپ، ماڭمىغانلىرىنى ئۇرۇپ يۇرۇپ، توپ ئا-رىسىدىن يىگىرمىچە كىچىك دىڭىز يىلپىزىنى ھەيدەپ چىقتىم. دىڭىزغا قاچماقچى بولغانلىرىنى توسۇۋالدىم. مودمۇ ۋارقىراپ، سونۇق پالاق بىلەن ھەيۋە قىلىپ ماڭا ياردەملەشتى.

مەن ئۇلارنى 100 يارد يىراقلىققا ھەيدەپ باردىم. قىز قايتىپ كەلگەندە، مەن دىڭىز يىلپىزلىرىنىڭ ھەممە-سىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ تېرىسىنى ئاجرىتىۋاتاتتىم. بىر سائەتتىن كېيىن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە يەتكۈدەك تېرى-لەرنى مۇرىمىزگە ئارتىپ قايتتۇق.

ئىككى قېتىم مېڭىپ يېتەرلىك تېرە يىغقاندىن كېيىن، بولدى قىلدۇق. مەن يەلكەننى چىقىرىپ قول-ۋاقنى بۇرىدىم، بىز ئۆزىمىز تۇرغان كىچىك دىڭىز قولتۇقىغا قايتىپ كەلدۇق.

— تورۇستىن بىرئاز غەيرىي پۇراق كېلىشى مۇم-كىن، بىراق ئىسسىقلىقنى ساقلايدۇ، قار - يامغۇردىن دالدا بولىدۇ. كۆركەم بولمىسىمۇ، جانغا ئەسقاتىدۇ، ھەممىدىن مۇھىمى شۇ، — دېدىم مەن مېنى ماختامدى-كىن دېگەن تەمەدە پۈتۈپ بولغان ئۆگزىگە قاراپ تۇرۇپ.

ئۇ چاۋاك چېلىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى رازى ئىكەن-لىكىنى ئېيتتى.

بىز پىلىك ياساپ، ئۇنى دىڭىز يىلپىزى يېغى سېلىنغان قاچىغا سالدۇق - دە، پىلىكنى ياندۇردۇق، بۇ

بىر ئوبدان چىراغ بولدى. بىز ئۇنىڭ يورۇقىدا غەلىبىمىزنى تەبرىكلىدۇق. ئەمدىكى ئىشىمىز قىشتىكى يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش ئىدى. مود دېڭىز يىلپىزىنىڭ گۆشىنى نېپىز توغراپ، جازىغا ئاسقاندىن كېيىن، دېڭىز يىلپىزىنىڭ يېغىنى كۆيدۇرۇپ، گۆشلەرنى ئىسلىدى.

ئىككىنچى ئېغىز ئۆينى سېلىشىمىز ئاسانغا چۈشەتتى، بىز بىرىنچى ئۆينىڭ تېمىغا يۆلەپ يەنە ئۈچ تام قوپۇرساقلا بولاتتى، لېكىن بۇمۇ ناھايىتى جاپالىق ئەمگەك ئىدى. ئىككىمىز قاق سەھەردىن تا كەچكىچە پۇتۇن كۈچىمىزنى سەرپ قىلىپ ئىشلىدۇق، كەچتە مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن پۇت-قوللىرىمىزنى سۈرەپ كارىۋاتقا ئارانلا چىقىۋالدۇق-دە، چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ياۋايى ھايۋانلاردەك دەرھال ئۇيقۇغا كەتتۇق.

ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى ياپقان كۈنى، بىز كىچىك ئۆيىمىزدە تەبرىكلەش ئېلىپ باردۇق، سىرتتا قاتتىق بوران چىقىپ، يامغۇر يېغىۋاتاتتى. دېڭىز يىلپىزى يېغىدىن قىلىنغان چىراغ پىلىلداپ كۆيەتتى. شۇ چاغدا ئۆينىڭ تولىمۇ ئارامبەخشلىكىنى ھېس قىلدۇق.

## 28

تۇنۇگۇن كەچ ياتقاچقا، كۆزۈمنى زورىغا ئېچىپ بالدۇرراق تۇرماقچى بولدۇم. ئىشىكتىن چىقىپ ئورنۇمدا

تۇرۇپلا قالدىم. كۆزۈمدە چاتاق بولمىسىمۇ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم — ئالدىمدىكى ھالەتتىن چۆچۈپ كەت-تىم، ئۇ يەردە — 50 فۇت يىراقلىقتىكى دېڭىز ساھى-لىدا قارا رەڭلىك، ماچتىسى يوق بىر كېمە ئارالغا توغرىلىنىپ تۇراتتى، كېمىنىڭ يەلكەن، ئارغامچىلىرى، يىرتىق يەلكەنلەر بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن بولۇپ، كېمىنىڭ بىر تەرىپىگە تېگىپ تۇراتتى. كۆ-زۈمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ قايتا قارىدىم. ئاشخانا، كېمە قوي-رۇقىدىكى بۆلۈمچە ماڭا بەكلا تونۇش ئىدى. يەنە تېخى كېمە گىرۋىكىدىن سەل ئېگىزرەك قېيىق بۆلۈمچى-سىمۇ بار ئىدى. بۇ دەل «ئالۋاستى» ناملىق كېمە ئىدى.

قانداق كاج تەقدىر ئۇنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغاندۇ؟ شۇنداقلا توغرا كېلىپ قالغانمۇ-يا؟ كەي-نىمدىكى قىيا تاشقا قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالدىم، شۇ تاپتا قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنىدىم، قېچىپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆيدە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مود يادىمغا كەلدى.

كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئارىدىن قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا ئېسىمنى يىغسام، «ئالۋاستى» ناملىق كېمە يەنىلا دېڭىز ساھىلىدا تۇراتتى. كېمە بېشىدىكى سۇنۇپ كەت-كەن يانتۇ ماچتا لايغا پېتىپ قالغانىدى، چوقۇم بىر ئامال تېپىشىم كېرەك ئىدى.

كېمىدە ئازراقمۇ تىۋىش يوقلۇقى مېنى ھەيران قالدۇردى. بەلكىم ئاخشامقى بوران-چاپقۇندا چارچاپ كەتكەن ماتروسلار تېخى ئويغانمىغاندۇ، ھازىرلا قېچىپ كەتسەك بولاتتى، بىراق قىشتا دېڭىزدا چىقىدىغان بوران-چاپقۇن، ئاسمان-پەلەك دولقۇنلار بىزنى ساق قويمايتتى. نېمىشقا كېمىگە ئوغرىلىقچە چىقىپ رىسىقىمنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيمەن؟

بېلىمدە بىر پىچاق بار ئىدى، مەن ئۆيگە كىرىپ مىلتىقنى ئېلىپ ئوق قاچىلىدىم-دە، «ئالۋاستى» نام-لىق كېمىنىڭ قېشىغا كەلدىم. بەلگە كېلىدىغان سۇ-دىن كېچىپ، كېمىگە يامىشىپ چىقتىم، ئالدىنقى بۆ-لۈمنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. مەن توختاپ ماتروسلارنىڭ نەپەس ئاۋازى بار-يوقلۇقىغا قۇلاق سالدىم، بۆلۈمدىن ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىدى. مەن شوتا بىلەن ئاستا پەسكە چۈشتۈم، بۆلۈم ئىچى قۇرۇق بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كۆ-رۈنمەيتتى، ھەممە جايدا كېرەكسىز نەرسىلەر، ئەسكى كىيىملەر، كونا ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈكلەر، يىرتىق يامغۇرلۇق كىيىملەر تاشلىنىپ تۇراتتى.

پالۇبىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىراشلا كېمىدىن ئايرىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلدىم. مەندە يەنە ئۈمىد تۇ-غۇلدى، مەن ئەتراپقا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالدىم. قولۋاقلار كۆرۈنمەيتتى. ئوپچە بۆلۈمدىكى ئەھۋال ئال-دىنقى بۆلۈمدىكىگە ئوخشايتتى. ئۇۋچىلارمۇ يوق-

تاقلىرىنى ئالدىراش يىغىپلا كەتكەندەك قىلاتتى. «ئال-ۋاستى» ناملىق كىمىدە ئادەم قالماپتۇ.

كېمە قۇيرۇقىدىكى بۆلۈمگە سەكرەپ چىقىپ دېڭىز بۆرىسى رېىسىنىنى كۆردۈم، كۆردۈم ـ دە، قاتتىق قور-قۇپ كېتىپ كەينىمگە ئۈچ ـ تۆت قەدەم داجىپ كەتتىم. ئۇ چىقىش ئېغىزىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرغان بولۇپ، بې-شى ۋە مۈرىسىلا چىقىپ تۇراتتى، ئىككى بىلىكى چى-قىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ، ماڭا تىكىلىپ جىم تۇرغان پېتى قاراپلا قالدى.

مەن تىترەشكە باشلىدىم، ئىلگىرىكى ئاشقازان ئاغ-رىقىممۇ قوزغالدى. بىر قولۇم بىلەن كېمە گىرۋىكىنى تۇتۇۋالدىم، ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى، كالپۇكۇمنى يالاپ قويدۇم، ھەر ئىككىمىز زۇۋان سۈرمىدۇق.

مەن ئالدى بىلەن قول سېلىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ مىلتىقتا ئىككى قۇر ئوق سالدىم ـ دە، مىلتىقنى ئۇنىڭغا بەتلىدىم. ئەگەر ئۇ شوتىدىن پەسكە سەكرىسىلا ئۇنى ئېتىپ تاشلايتتىم، ئەمما ئۇ يەنىلا ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن ئۇنى قارىغا ئالغاندا ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا سەپسالدىم. ئېغىر كېسەل تارتقاندەك ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، چىرايى-دىن ھارغىنلىق، قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرى ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، كۆرۈش نېرۋىسى ۋە كۆز ئەت-راپىدىكى مۇسكۇللار يارىلىنىپ، كۆز ئالمىسى

قىيسىيىپ قالغاندەك قىلاتتى.

بۆلارنى كۆرۈپ ئۇوق چىقىرالمىدىم، مەن تېخىچە ئارىسالدى بولۇۋاتاتتىم.

— بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن.

مەن تەپكىنى باساي دېمۇ باسالمىدىم، بىرنەرسە دېمەكچى بولغان بولسامۇ ئاۋازىم چىقمىدى.

— نېمىشقا ئوق چىقارمايسەن؟ — دېدى ئۇ.

— خېمپولل، — دېدى ئۇ ئاستاغىنە، — سەن ئۇنداق قىلالمايسەن، سەن مەندىن قورقمىساڭمۇ، سەندە ئۇنداق غەيرەت يوق. سەندىكى ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى سېنى توسۇپ قويىدى. شۇ كۆزقاراشلار سېنى بىر قورالسىز، قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمىدى.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدىم بوغۇق ئاۋازدا.

مىلتىقنى قويۇپ قوي. سەندىن سورايدىغان بىر-نەچچە سوئالىم بار. مەن تېخى ئەتراپقا قاراپ باقمىدىم. بۇ يەر زادى قەيەر؟ «ئالۋاستى» ناملىق كېمە قانداق قىلىپ بۇ يەردە توختاپ قالدى؟ بروست خانقىز قەيەردە؟

مەن كەينىمگە بىرنەچچە قەدەم چېكىندىم، ئۇنىڭغا ئوق چىقىرالماي يىغلىۋېتىشكە تاس قالدىم، لېكىن مىلتىقنى قويۇپ قويىدىغان دەرىجىدە ئەخمەق ئەمەسمەن. مەن ئۇنىڭ ماڭا دۈشمەنلىك قىلىشىنى، مېنى ئۇرۇ-شىنى ياكى گېلىمنى بوغۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. شۇ

چاغدىلا ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق چىقىرالايتتىم.

— بۇ ئارالنىڭ نامى تىرىشچانلىق ئارىلى، — دېدىم مەن.

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق يەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان، — دېدى ئۇ سۆز قىستۇرۇپ.

— بىز ئۇنىڭغا شۇنداق نام بەردۇق، — دېدىم مەن تولۇقلاپ، — «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنىڭ تۇمشۇقى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇملۇققا پېتىپ قاپتۇ، بۇنى ئۆزدىڭىزمۇ كۆرەلەيسىز.

— بۇ يەردە دېڭىز يىلپىزى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ، — كېچىچە مېنى ئۇخلاتمىدى. شۇلار ماڭا قىرغاققا كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرگەنىدى. ساڭا كۆپ رەھمەت دوزاخ ئىلاھى ئاكا، مېنىڭ تەلىيىم كەلدى، ئالتۇن تاغقا ئۇچراپتىمەن، بۇ جاينىڭ ئورنى قەيەردە؟

— ئازراقمۇ ئۇقمايمەن، — دېدىم مەن، — سىز ئازراق بىلىشىڭىز مۇمكىن. ئاخىرقى قېتىم قايسى ئورۇندا ئىدىڭلار؟

ئۇ سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ ھېچنېمە دېمىدى.

— ماتروسلار قېنى؟ قانداق قىلىپ يالغۇز قالدىڭىز؟

— ئاكام 48 سائەتتىن كېيىن بىزگە يېتىشىۋالدى، بۇنى مەندىن كۆرۈشكە بولمايدۇ. كېچىسى پالوبىدا بىرلا ئادەم قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇلار كېمىگە

چىقىپتۇ. ئۇۋچىلارنىڭ ھەممىسى مېنى تاشلاپ كەتتى، ئۇنىڭ بەرگەن ئىش ھەققى مېنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ماقۇل بولدى. ھەممە پۇتۇشۇشلەر كۆز ئالدىمدىلا ئېلىپ بېرىلدى. ماتروسلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئۆتۈپ كەتتى. كېمىدە مەنلا يالغۇز قالدىم. بۇ قېتىم دوزاخ ئىلاھى ئاكامنىڭ تەلىيى كەلدى، بىراق بىز نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ئۆيـ- نىڭ كىشىلىرىدە.

— ماچىتىڭىز قانداق قىلىپ چۇشۇپ قالدى؟— دەپ سورىدىم.

— بىرىپ ئۇزۇلگەن ئارغامچىلارغا قاراپ باقساڭ بىـ- لىسەن،— دېدى ئۇ يەلكەن ئارغامچىلىرىنى كۆرسىتىپ.

— پىچاق بىلەن كېسىۋېتىپتۇ،— دەپ غۇدۇرىدىم.

— ئاشپەزنىڭ قىلغان ئىشى،— دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ،— گەرچە مەن ئۇنىڭ قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ قىلغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، بۇ بىر خىل ئۆچ ئېلىش.

— باش ئاغرىقىڭىز قانداقراق؟— دەپ سورىدىم مەن.

— تېخىچە ياخشى بولۇپ كەتمىدى،— دېدى ئۇ،— ھازىرلا قوزغىلىدىغاندەك قىلىدۇ.

ئۇ يەسكە ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ، پالوبىدا يېـ- تىپ قالدى، ئۇ بېشىنى چىڭ قامالاپ دومىلايتتى،

كۆزلىرىنى قولى بىلەن توسۇۋالاتتى.

مەن ئاستىدىكى ئامبارغا چۈشۈپ نۇرغۇن مىۋە مۇرابباسى، پېچىنە، گۆش كونسېرۋالىرىنى ئالدىم. دەل شۇ چاغدا كاللامغا ھەممە قورال ـ ياراغلارنى ئېلىپ كېتەي دېگەن خىيال كەلدى. ئۇنىڭ تولۇقچا تاپانچىسىنى، ئاشخانا ئۆيدىكى گۆش پىچىقىنى، قىگراقنى ۋە ئۇ ئەزەلدىن يېنىدىن ئايرىمايدىغان قېيىقچىلار پىچىقىنىمۇ ئالدىم. بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ماڭا يىراقتىن ھۇجۇم قىلىدىغان قوراللىرى قالمىغاندى.

ئۆيگە قايتقىنىمدا، مود تېخىچە ئۇخلاۋاتقانىكەن. مەن ئۆچۈپ قالاي دەپ قالغان ئوتنى پۈۋلەپ تۇتاشتۇرۇپ، ئەتىگەنلىك تاماق تەييار قىلىپ تۇرۇشۇمغا ئۇ كىرىپ كەلدى.

ئۇ دېڭىز ساھىلىغا دىققەت قىلمىغان ئوخشايدۇ، ئۇ چاقچۇق ئىستاكاندا قەھۋە ئىچىپ، مېۋە مۇرابباسىنى پېچىنىگە مىلەپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ نۇرغۇن چاقچۇق ئىستاكان، چاقچۇق قاچىلارنى كۆرۈپ قالغاندى.

ئۇ ئاستا دېڭىز ساھىلىغا قارىدى.

— ئۇ... ئۇمۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

## 29

بىز ھەر كۈنى دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ قىر-غاققا چىقىشىنى كۈتەتتۇق، تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن مود:

— ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قالغاندەك قىلىدۇ، ئۆلۈپ قالىدىمىكىن - يە؟ — دېدى.

— شۇنداق بولسا ياخشى بولاتتى، — دېدىم مەن.

— بىراق ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيسىز. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، بەكلا ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولغان بولىدۇ. مەن ئۇزۇمنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، بىز بىرئاز ياردەم بەرمىسەك بولماس.

— بەلكىم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەكتۇ، — دېدىم مەن جاۋابەن.

— خېمپولل، سىز كېمىگە بىر بېرىپ كېلىڭ، ئۇ يەرگە بېرىپ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بې-قىڭ، — دېدى ئۇ.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كېمىگە قاراپ ماڭدىم.

مەن كېمىگە چىقىپ، كېمە بۆلۈمىنىڭ شوتىسىدا تۇرۇپ تۆۋەنگە قاراپ ئۇنى چاقىردىم. ئۇ جاۋاب قايتۇردى، ئۇ شوتىدىن چىقىۋاتقاندا، مەن تاپانچىنىڭ چاقمىقىنى قايرىپ قويدۇم. مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا،

تاپانچىنى ئۇنىڭ كۆزىچىلا يېنىمدىن چىقاردىم، بىراق ئۇ قىلچە پەرۋا قىلمىدى. رېسسىن باش ئاغرىقىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، سۆزلىشىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى، شۇڭا مەن قايتىپ كەتتىم.

مود ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى، كېيىن كېمە ئاشخانىسىدىن ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئېچىلىپلا كەتتى. بىر ھەپتىن كېيىن كېمە ئاشخانىسىدىن ئىس چىقمىدى، رېسسىن پالۋىدا كۆرۈنمىدى. مەن مودنىڭ يەنە ئەنسىرەپ قالغانلىقىنى سەزدىم.

مەن ئۇنىڭ مېنى قايتا ئەۋەتىشىنى ساقلىمايلا، قايماق ۋە مېۋە مۇرابباسى ئېلىپ كېلىمەن دەپ كېمىگە چىقتىم. كېمىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈمگە بارغاندىن كېيىن ئايىغىمنى سېلىۋېتىپ، تىۋۇش چىقارماي كېمە قۇيرۇ-قىغا كەلدىم، ئېھتىيات بىلەن ئاستىنقى بۆلۈمگە چۈ-شۈپ، مېۋە مۇراببا-سى ۋە ئىچ كىيىملەرنى ئالدىم.

مەن ئامبار ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا، دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ بۆلۈمىدىن تىۋۇش ئاڭلاندى. مەن شىرە كەينىگە مۆكۈۋالدىم ــ دە، تاپانچىنى ئېلىپ چاقمىقىنى قايرىپ قويدۇم. ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇ چىقىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى زادى كۆرۈپ باقمىغاندىم ــ قورقماس، شىر يۈرەك دېڭىز بۆرىسىنىڭ چىرا-يىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى،

ئۇ توگۇۋالغان مۇشتۇمىنى كۆتۈرگىنىچە ئىڭرايتتى. خۇددى كۆز ئالدىكى ئۆمۈچۈك تورلىرىنى نېرى قىلىۋاتقاندەك، بىر قولىنىڭ ئالقىنىنى كۆز ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا ھەرىكەتلەندۈرەتتى.

— ئاھ تەڭرىم، ئاھ تەڭرىم! — دەپ ئىڭرايتتى ئۇ.

پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. دۇنيادا بىر قورقماس ئەرنىڭ ئاجىزلىشىپ، زەئىپلىشىپ چېكىگە يەتكەندىكى ھالىتىدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولماس!

ئۇ ھالسىز قەدەملەر بىلەن چىقىش ئېغىزىغا قاراپ سىلجىدى. ئامبار ئۆي دەل شۇ يەردە بولۇپ، ئۇ يەرگە بارسىلا مېنى كۆرۈپ قالاتتى. بىراق ئۇ ئامبار ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئوچۇقلۇقىنى كۆرمىگەندەك، ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنى پۈتى بىلەن تېپىپ ئاچماقچى بولۇپ پۇتىنى ئۇزاتتى، پۇتى ئىشىككە تەگمەي بوشلۇقنى دەسسەپ قالغاچقا، ئىشىكنىڭ ئۇ يېقىغا سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغانىدى.

## 30

— «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنىڭ ماچتىسى يوق چاتاق بولدى - دە، بولمىسا بىز بۇ كېمىنى ھەيدەپ كېتەتتۇقتە. سىزنىڭچە ماچتىنى ياسىغىلى بولارمۇ،

خىمپولىل؟

— ياسىغىلى بولىدۇ، ياسىغىلى بولىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىلۇك قىلىپ، — باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەنمۇ قىلالايمەن، باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايمەن تېخى.

— نېمە؟ پەرۋەردىگارىمەي، سادىغاڭ كېتەي، سىز نېمىنى قىلالايسىز؟

— بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى تۇزىتىپ، — «ئالۋاستى» ناملىق كېمىگە ماچتا ئورنىتىپ ھەيدىسەكلا بولىدىغۇ.

— سىز قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئاۋۇ قالايمىقان نەرسىلەرنى رەتلەيمەن، — مەن كېمىدە ساڭگىلاپ تۇرغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتىم.

ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مەن ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەر ئىچىدە ئىشلەۋاتقاندا كېمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئىدى. چىقىرىش - چۇشۇرۇش ئارغامچىسى، يەلكەن بوغقۇچ، يەلكەن چۇشۇرۇش ئارغامچىسى، ماچتىنى قوغداش ئارغامچىسى، قوشۇمچە ئارغامچىلار دېگەندەك سۇيىدە بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنىدى. مەن كېسىدىغانلىرىنى كېسىپ، ئۇزۇن ئارغامچا ئارقىلىق ماچتا بىلەن ئاستىنقى ياغاچنى باغلاپ قويدۇم. چىقىرىش - چۇشۇرۇش ئارغامچىسى بىلەن يەلكەن بوغقۇچنى بوشىتىپ

كېمىنى ئايلاندۇردۇم، چىگىشلىرىنى يەشتىم، كېيىم-لىرىم ھۆل بولۇپ كەتتى. يەلكەننى پىچاق بىلەن كې-سىشكە توغرا كەلدى. يەلكەنلەر ھۆل بولۇپ كەتكەندى، مەن بارلىق كۈچۈمنى چىقىرىپ ئىشلىدىم. قاراڭغۇ چۈشكىچە مەن ئۇلارنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ، يېيىپ قويدۇم. بەك كۈچەپ ئىشلىگەچكە، ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتقاندا ھېرىپ ھالىمىزدىن كېتىپ قالغاندۇق.

ئەتىسى سەھەردە، مەن قابىلىيەتلىك ياردەمچىم مودنى ئەگەشتۈرۈپ، «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنىڭ ئاس-تىنقى بۆلۈمىگە چۈشۈپ ماچتىنىڭ تەگلىكىنى ئوڭ-شىماقچى بولدۇم. ئىشنى ئەمدى باشلىشىمىزغا، تاراق-تۇرۇق قىلغان ئاۋازلار دېڭىز بۆرىسىنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ھەي، ئاستىدىكى ئاغىنە! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قاپقاقنى ئېچىپ. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قورقۇپ كەتكەن مود مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ بىلەكلىرىمنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

— خەيرلىك سەھەر! كېمە ئۇستىدىكى ئاغى-نە، — دېدىم مەن.

— تۆۋەندە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ كېمەمنى تېشىۋەت-مەكچىمۇ سەن؟

— دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەن كېمە رېمونت قى-لىۋاتىمەن.

— ئاناڭنى، كىم سېنى رېمونت قىلسۇن دەپتۇ؟

ئۈنىڭ سۆزلىرىدىن گاڭگىراپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— يېڭىدىن ماچىتا ئورناتماقچىمەن.

— بۇ دېگەن مېنىڭ كېمەم، مېنىڭ مۈلكۈم. سې-نى توسسام قانداق قىلالايسەن؟

— بىز بىلەن بىرگە كېتىش ئويىڭىز يوق-مۇ؟ — دېدىم مەن گۇمان بىلەن.

— ياق، — دېدى ئۇ، — مەن مۇشۇ يەردە ئۆلەي دەي-مەن.

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئۆلگۈمىز يوق، — مەن ئاچچىق بىلەن سۆزدىن توختاپ، ئىشلەشكە كىرىشتىم.

## 31

ئەتىسى ماچىتا تەگلىكى پۈتتى، ھەممە تەييارلىقلار ئىشلىنىپ بولغانىدى، بىز ئىككى تال ئوتتۇرا ماچىتىنى كېمىگە ئېلىپ چىقماقچى بولدۇق. ئاساسىي ماچىتا 30 نەچچە فۇت ئۇزۇنلۇقتا ئىدى، ئالدىنقى ماچىتىمۇ 30 فۇت كېلەتتى، مەن بىر « 人 » شەكىللىك كران ياساپ ئۇ-لارنى كېمىگە ئېلىپ چىقماقچى بولدۇم. ئۇ ناھايىتى تەس ئىش ئىدى. مەن بىر ئېغىر چىغىرىقنىڭ بىر ئۇ-چىنى لەڭگەر چىغىرىقىغا باغلىدىم، يەنە بىر ئۇچىنى

ئالدىنقى ماچتىنىڭ تۈۋىگە باغلىدىم ـ دە، مود ئىككىمىز ئۇنى تارتىشقا باشلىدۇق. مود چىغرىقنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ ئارغامچىلارنى بوشاتتى.

بىز توختىماستىن سىناق قىلدۇق، ماچتىغا باغ-لانغان ئارغامچىنىڭ ئورنىنى توختىماي ئۆزگەرتىپ، تەڭپۇڭلۇق نۇقتىسىنى ھېسابلايتتۇق، قانداق تىرىش-چانلىق كۆرسەتسەكمۇ، ماچتىنى ئېلىپ چىققىلى بول-مىدى. كېيىن مەن ناھايىتى كىچىك چىغرىقنى ئې-سىمگە ئېلىپ، ئۇنى تېپىپ كەلدىم.

ماچتا ئۇچىنى قارشى ياقتىكى كېمە گىرۋىكىگە باغلاۋاتقاندا، دېڭىز بۆرىسى رېسىدىن چىقىپ كەلدى. بىز تىنچلىق سوراشقاندىن باشقا ھېچنېمە دېيىشمى-دۇق. گەرچە ئۇنىڭ كۆزى كۆرمىسىمۇ، كېمىنىڭ گىرۋىكىدە ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئولتۇردى.

مود مېنىڭ بۇيرۇقۇم بويىچە چىغرىقنى ئاستا ـ ئاستا بوشىتىپ، چىغرىق بىلەن ماچتىنى ئاز ـ ئازدىن پالۋبىغا قويدى. يېرىم كۈن ئىشلەپ بىر تال ماچتىنى پالۋبىغا ئاران ئالغانلىقىمىزغا قاراپ، پۈتۈن ئىشنى تۈگىتىشكە نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كۈچ ـ مادارىمىز تو-لۇقلىنىپ، بىر سائەتتىلا ئاساسىي ماچتىنى پالۋبىغا ئېلىپ چىقتۇق ۋە « ㅅ » شەكىللىك كران ياسىدۇق.

ئىككى ماچىتىنىڭ ئۇچىنى باغلاپ، باغلىغان جايغا ئارغامچا بىلەن بىر قوش ئېرىقچىلىق غالتەك ئاستىم. غالتەك بىلەن چىقىرىش - چۈشۈرۈش ئارغامچىسى چىغىرىقنى ھاسىل قىلدى. ماچىتا تۇۋۇى پالۇبىدا تېپىلىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۇچىنى چىڭ باغلىۋەتتىم. ئىككى تەرىپىگە ئارغامچا تارتىپ غالتەككە باغلاپ قويدۇم. ئىشنى تۈگەتكىنىمىزدە قاش قارايغانىدى. دېگىز بورىسى رېسسىن پۈتۈن چۈشتىن كېيىن، ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ بىزنىڭ قىلىشقان گېپىمىزنىلا ئاڭلىدى، ئۆزى بولسا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، كەچتە ئۇ ئۆزى ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرىپ كەتتى.

— قاراڭغۇ چۈشمىگەن بولسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە، — دېدىم مەن، — مەن ئۇنى يەنە بىر سىناپ باقاي دېگەنتىم.

— ئاچ كۆزلۈك قىلماڭ، — دېدى مود مېنى ئەيىبلەپ، — خۇدانىڭ كۈنى ئەتىمۇ بارغۇ، ھېرىپ ھالىڭىزدىن كەتتىڭىز، ئۆرىمۇ تۇرالمايۋاتىسىز.

— سىزچۇ، سىزمۇ چارچاپ ھالىڭىزدىن كەتتىڭىز، بەكلا ياخشى ئىشلىدىڭىز جۇمۇ. سىزدىن ئىپتىخارلىنىمەن.

ئەتىسى ناھايىتى بالدۇر تۇردۇق، تاڭ يورۇشقا باشلىغاندا ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپ بولغانىدۇق.

— خىمپولل! — مەن مودىنىڭ قاتتىق ۋارقىراپ شۇئان توختاپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ «ئالۋاستى» نامىلىق كې-مىگە قاراپ تۇراتتى.

— « 人 » شەكىللىك كران قېنى؟ — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا.

— قارىغاندا ئۇ ئاللىقاچان...

— باشقىدىن قىلىدىغان ئوخشايسىز، — دېدى ئۇ قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ.

بىز كېمىگە يامىشىپ چىقتۇق، « 人 » شەكىللىك كران يوق تۇراتتى. قۇراشتۇرۇلۇپ بولغان چىقىرىش-چۇشۇرۇش ئارغامچىسى كېسىۋېتىلىپتۇ، لەڭگەر چىغ-رىقىمۇ بۇزۇۋېتىلىپتۇ. رەتلەپ قويۇلغان ماچتا، يەل-كەننىڭ تۆۋەنكى ياغىچى، يانتۇ خادىلىرى غايىب بولغا-نىدى. قارىغاندا رېسسېن بۇ نەرسىلەرنى باغلاپ قويغان ئارغامچىنى تېپىۋېلىپ، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەندەك قىلاتتى.

— ئۇ ئۆلۈمگە لايىق! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن، — تەڭرىم گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن، مەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت-كۈدەك جۈرئەت يوق!

مود يېنىمدا ئولتۇرۇپ چېچىمنى سىلىدى، مەن بې-شىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدۇم، غەيرەت ـ شىجائىتىم

ئەسلىگە كەلدى. بۇ قۇتلۇق قىز كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنىڭ مەنبەسى ئىدى. شامال بولمىغاچقا، دېڭىز دولقۇنى ماچ-تىلارنى يىراققا ئىتتىرىۋېتەلمەيتتى. بىرئاز ۋاقىت سەرپ قىلساقلا ئۇلارنى تېپىۋالاتتۇق. بۇمۇ بىز ئۈچۈن بىر ساۋاق.

— ئۇ كەلدى، — دېدى مود ئاستاغىنە.

— كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدىم مەن پەس ئاۋاز-دا، — ئۇ بىزنىڭ پوزىتسىيىمىزنى بىلمەكچى. ئۇنىڭغا بىزنىڭ بۇلارنى ئۇقۇپ قالغانلىقىمىزنى بىلدۈرمەيلى، بولمىسا ئۇ كۆرەڭلەپ كېتىدۇ.

بىز ئاياغلىرىمىزنى سىلىۋېتىپ، پالۋىدا ئۇنىڭ بىلەن بىردەم مۈكۈشمەك ئوينىدۇق. ئاندىن كېيىن ئا-ياغلىرىمىزنى كىيىپ، كېمە گىرۋىكىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ، قولۋاققا چۈشۈۋالدۇق. مەن مودنىڭ نۇرلۇق قو-ڭۇر رەڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ قىلغانلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. مەن ئۆ-زۈمنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم، ئۇ بولغاچقىلا مەندە قورۇقلۇققا قايتىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەت پەيدا بولغانىدى.

## 32

مود ئىككىمىز ئىككى كۈن سەرپ قىلىپ دېڭىز ياقىسىنى ئايلىنىپ، دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالغان

كېمە ماچتىلىرىنى ئىزدىدۇق. ئۈچىنچى كۈنىگە بارغاندا، ماچتا ۋە « ٨ » شەكىللىك كىران قاتارلىقلارنى غەربىي جەنۇب دېڭىز تۈمشۇقىدىن — ناھايىتى خەتەرلىك جاي-دىن تاپتۇق. شۇ كۈنى كەچتە ناھايىتى جاپا بىلەن بىر تال ئاساسىي ماچتىنى ئېلىپ كەلدۇق.

يەنە بىر كۈنى خەتەرگە قارىماي تەۋەككۈل قىلىپ ئىككى تال ئوتتۇرا ماچتىنى چېدىرغا ئەكېلىۋالدۇق. ئەتىسى مەن ئالدىنقى ماچتا، ئالدىنقى ماچتا بىلەن ئا-ساسىي ماچتىنىڭ خادىسى ۋە ئالدىنقى ماچتا بىلەن ئاساسىي ماچتىنىڭ يانتۇ خادىلىرىنى بىر باغلام قىلىپ چىگىپ، قولۋاققا سۆرىتىپ ئېلىپ كەلمەكچى بولدۇم. شۇ چاغدا شامالمۇ ئوڭ چىقىۋاتاتتى، بىز يەلكەننى چىقاردۇق، بىراق كېيىن شامال ئاجىزلاپ توختاپ قال-دى، بىز ئامالسىز قولۋاقنى پالاق بىلەن ھەيدەپ ماڭ-دۇق. سۈرئىتىمىز ناھايىتى ئاستا ئىدى. قاراڭغۇ چۈ-شەي دەپ قالغانىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى شامال ئۇ-دۇلىمىزدىن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئالدىمىزغا مېڭىش مۇمكىن بولمايلا قالماي، ئەكسىچە شامال بىزنى دېڭىزغا ئىتتىرىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. يېرىلغان، ئىششىغان قوللىرىم پالاقنى تۇتالماي قالغانىدى. بىچارە مود ھالسىرىغىنىدىن قولۋاقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ئول-تۇرۇۋالدى.

مەن پالاقنى ئېلىپ ماچىتا خادىملىرى باغلانغان ئارغامچىغا تىرىسەكچى بولدۇم، لېكىن مود مېنى توسۇۋالدى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟ — دېدى ئۇ جىددىي ۋە كەسكىن ئاھاڭدا.

— ئۇلارنى تاشلىۋېتەيلى، — دېدىم مەن بىر قات ئارغامچىنى يېشىپ.

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمالى، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ.

— كەچ كىرىپ كەتتى، شامال بىزنى دېڭىزغا ئەكېتىۋاتىدۇ، — دېدىم مەن گېپىمدە چىڭ تۇرۇپ، — تەييارلىقسىزلا دېڭىزغا كېتىپ قالساق قانداق قىلارمىز؟ قېيىقتا يېمەكلىك يوق، سۇمۇ يوق، ئەدىيالمۇ يوق، ھېچنېمە يوق. مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ياخشى بىلىمەن، ئەدىيال بولمىسا سىز بۈگۈن كېچىدىن ئۆتەلمەيسىز. ھازىرلا سوغۇقتىن تىترەپ كېتىۋاتىسىز.

— مەن بەكلا جىددىيلىشىپ كېتىپتىمەن، — دېدى ئۇ، — مەن سىزنى سۆزۈمگە كىرمەي ماچىتىلارنى دېڭىزغا تاشلىۋېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ قالدىم.

— بىز توپتوغرا بىر كېچە تىترەپ چىقتۇق. بەزىدە چىدىماي ئۇخلىماقچى بولسامۇ، سوغۇق ۋە ئاغرىق دەستىدىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. مودنىڭ قانداق چىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىزمەن، ئۆزۈمنىڭ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ

ئىسسىتاي دېسەم، پۇت ـ قولۇمنى مىدىرلاتقۇدەكمۇ ماجا-
لىم يوق ئىدى، بىراق ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى سىلاپ
بەدىنىدىكى قاننى راۋانلاشتۇرۇشقا كۈچۈم يېتەتتى. ئۇ
يەنىلا ماچتىلارنى تاشلىۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندى.

تاڭ ئاتتى، بىز تاڭ يورۇقىدا كەپىمىز بار ئارالنى
ئىزدىدۇق. ئاخىر ئارالنىڭ بىزدىن تۆپتوغرا 15 دېڭىز
مىلى يىراقلىقتا قالغانلىقىنى كۆردۇق. ئۇ خۇددى ئۇ-
يۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى كىچىك چېكىتتەك كۆرۈنەتتى.

— شامال ئوڭ چىقىۋاتىدۇ، — دەپ توۋلىدىم، ئاۋا-
زىم بوغۇلۇپ قالغانىدى، ئۆز ئاۋازىمنى ئۆزۈم تونۇيالماي
قالدىم.

مود جاۋاب بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئاۋازى
چىقماي قالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى سوغۇقتىن كۆكىرىپ،
كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، بىراق ئۇنىڭ ماڭا
تىكىلگەن قوڭۇر رەڭ كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك چىقىپ
تۇراتتى.

سالقىن ئوڭ شامال چىقىۋاتاتتى، قولۋاق دەھشەت-
لىك دولقۇنلار ئىچىدە ئارالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە
باشلىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ يېرىمدا غەربىي
جەنۇب دېڭىز تۇمشۇقىدىن ئۆتتۇق. شامال پەسىيىپ
ئاخىر توختىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئازراقمۇ شامال
قالمىدى. مەن قولۋاقنى پالاق بىلەن ھەيدەشكە باشلىدىم.

تالڭ سەھەر سائەت ئىككىدە قولۋاق بىز تۇرغان دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كەلدى. مەن سەنتۇرۇلگىنىمچە قولۋاقتىن چۈشۈپ، قولۋاقنى باغلاپ قويدۇم. مود ئورنىدىن تۇرالمىدى، مېنىڭ ئۇنى كۆتۈرگۈدەك ماغدۇرۇم قالمىغانىدى. ئىككىمىز دېڭىز ساھىلىغا يىقىلىپ چۈشتۇق. بىر چاغدا ھوشۇمغا كېلىپ، ئۇنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىمچە ئۆيگە ئەكىردىم.

ئەتىسى سىرتقا چىقماي دەم ئالدۇق. ئاخشىمى دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ بىردىنلا قارىغۇ بولۇپ قالغانلىقى ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. بۇ بىر سىر ئىدى. يەنە كېلىپ ئەھۋال بەكلا ئېغىر ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئارالدا قېرىپ ئۆلگۈچە تۇرىمەن دېگىنىنى تىلغا ئالدىم. شۇنداق جەسۇر، ھاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشى، ئۇنىڭ كۆزىدىن باشقا كېسىلىنىڭمۇ بارلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق باش ئاغرىقى كېسىلىمۇ بار ئىدى، بىز ئۇنى نېرۋىسى كاردىن چىققان ئادەم دەپ قارايتتۇق، ئۇنىڭ كېسىلى قوزغالغاندا، ئۇ بىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاغرىق ئازابى تارتىدىغاندەك قىلاتتى.

مەن ئۈچ كۈن سەرپ قىلىپ چىغرىقنى رېمونت قىلىپ چىقتىم. ئەسلىدە مەن ئازراقمۇ تېخنىكا بىلمەيتتىم. شۇ تاپتا بولسا ئادەتتىكى مېخانىك قىلىدىغان

ئىشنى قىلىپ پۈتتۈرگەنىدىم. بىر ياقتىن ئىشلەپ، بىر ياقتىن ئۆگىنىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن چىغىرىقنى رېمونت قىلىپ پۈتتۈردۈم، قوپال بولسىمۇ ئۇنى ئىشلەتكىلى بولاتتى.

يېرىم كۈن سەرپ قىلىپ، ئىككى تال ئوتتۇرا ماچتىنى كېمىگە ئېلىپ چىقتىم، بۇرۇنقىغا ئوخشاش «人» شەكىللىك كران ئورنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئارغامچىلار بىلەن باغلىدىم. شۇ كېچىسى مەن كران يېنىدا ئۇخلىدىم، بىر چاغدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇ بىر ئايدىڭ كېچە بولۇپ، ئاپئاق ئاي نۇرىدا رېسسىن ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. مەن ئەدىيال ئىچىدىن چىقىپ، پايپاقچانلا تىۋىش چىقارماي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم، ئۇ سايمان ساندۇقىدىن قىرىش پىچىقىنى ئالدى ـ دە، مەن يىغىۋاشتىن ياساپ چىققان كراننىڭ چىقىرىش ـ چۈشۈرۈش ئارغامچىسىنى كېسىۋەتمەكچى بولدى.

— ئەگەر ئورنۇڭدا مەن بولغان بولسام، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم، — دېدىم مەن تەمكىنلىك بىلەن.

ئۇ تاپانچىنىڭ چاقمىقىنى قايرىغانلىقىمنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى.

— سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانغا پۇرسەت ئىزدەۋاتاتتىم، قېنى كەسمەمسەن؟

— سېنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ئوخشايمەن، — ئۇ كۈلۈپ قويۇپ كېمە قۇيرۇقىغا كېتىپ قالدى.

— چوقۇم ئاۋۋال قول سالايلى، خېمپولىل، — دېدى مود ئەتىسى ئەتىگەندە مەن كېچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، — چوقۇم ئالدى بىلەن قول سالايلى، بىز ئۇنى سولاپ قويايلى.

— ئۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ — دېدىم مەن مۇرەمنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلىدىشىشقا جۈرئەت قىلالمايمەن، ئۇ ئاۋۋال قول سالمىسا، مېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرمەيدىغانلىقىمنى بىلىدۇ.

— چوقۇم بىر ئامال قىلايلى، — دېدى ئۇ تالىشىپ، — ئامالىنى مەن تاپاي.

بىراق ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەسىلە ھەل بولدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى دېڭىز بۆرىسى رېسىدىن پالۇبىغا چىقتى. بىز ئۇنىڭ بىرئاز باشقىچە ئىكەنلىكىنى پەملىدۇق. ئۇنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ پالاكەتلىشىپ كەتكەندى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ ماڭاتتى. ئۇ كېمىنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىكى پالۇبىدىن مېڭىپ، بىر قولىنى كۆزلىرى ئالدىدا ئۇياق ـ بۇياققا ھەرىكەتلەندۈردى ـ دە، پەلەمپەيدىن پالۇبىغا يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ بىرنەرسىنى تۇتۇۋالماقچى بولاتتى. ئۇ ئويچە بۆلۈمىنىڭ چىقىش ـ چۈشۈپ ئاغزىدا توختاپ قالدى، شۇ يەردە

بىردەم تۇردى ـ دە، پۇكلىنىپ پالۋىغا يىقىلدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى يىغىلىپ قالدى.

—ساراڭلىقى يەنە تۇتۇپتۇ، — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا مودقا.

بىز ئۇنىڭ يېنىغا باردۇق، ئۇ سېزىمىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. مود ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇردى ـ دە، مېنى ياستۇق ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مەن ئەديالمۇ ئالغاچ كەلدىم. ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتىم، تومۇرى ناھايىتى كۈچلۈك سوقۇۋاتاتتى، مەن سەل گۇمانلىنىپ قالدىم.

— ئۇ يالغاندىن مۇشۇنداق قىلىۋاتقان بولسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم مەن رېسسىنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

مود بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېنى ئەيىبلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇ قولىنى شارتلا قىلىپ چىقىرىپ، ئامبۇردەك قولى بىلەن بىغىشىمنى تۇتۇۋالدى، مەن قورقىنىمدىن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم، ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن مېنى پەسكە تارتقاندا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇنىڭ چىرايىدىن زەھەرخەندىلىك ھەم خۇشاللىق يېغىپ تۇراتتى.

ئۇ مېنىڭ بىغىشىمنى قويۇۋېتىپ، يەنە بىر قولى

بىلەن ئىككى بىلىكىمنى كاپپىدە تۇتتۇۋالدى. بوشىغان قولى بىلەن كېكىردىكىمنى سىقىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا مەن ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. بۆلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ دۆتلۈكۈم كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. مود ئۇنىڭ كېكىردىكىمنى سىقىۋالغان قولىنى تارتىپ ئاجرىتىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى.

دەل شۇ پەيتتە مودنىڭ پالوبىدا يۇگۈرگەن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى ـ دە، رېسسىنىڭ بىر خىل قاتتىق ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. كېكىردىكىمنى سىقىپ تۇرغان قولىمۇ بوشىشىپ كەتتى، نەپەس ئېلىشىم ئەسلىگە كەلدى. توساتتىن ئۇنىڭ قولى يەنە باشقىدىن كېكىردىكىمنى سىقتى. لېكىن ئۇ ھەرقانچە تىرادىلىك، قەيسەر بولسىمۇ ئەزرائىلنىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلدى، كېيىنلى قايتا تۇتۇپ، ھوشىدىن كەتتى.

مەن پالوبىدا ئوڭدامغا يېتىۋېلىپ ھاسىرايتتىم. مودنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، قولىدا دېڭىز يىلپىزىنى ئۇرىدىغان بىر توم كالتەكنى تۇتۇپ تۇراتتى. مەن ئۆمىلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدىم، ئۇ بېشىنى مۈرەمگە قويۇپ ئېسەدەشكە باشلىدى.

بىز ئۇنىڭ پۇت ـ قولىغا ئىشكەل سېلىپ، ئۇنى ئويچە بۆلۈمگە سۆرەپ ئەكىردۇق.

## 33

بىز دەررۇلا «ئالۋاستى» ناملىق كېمىگە كۆچۈپ، ئەسلىدىكى بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇق، ئاشخانىدا تاماق ئەتتۇق، شۇ چاغدا يۇقىرى كەڭلىكتىكى رايونلارنىڭ ئىللىق كۆز پەسلى ئاخىرلىشىپ، قار ـ يامغۇرلۇق پەسلى باشلانغانىدى. لېكىن كېمە بۆلۈمچىسى ئىسسىق ئىدى.

دېڭىز بۆرىسى رېپسىنگە ئىشكەل سېلىپ قويۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ ئۇنى مېيىپ قىلىپ قويغانىدى. بۇنى مود چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭغا تاماق يېكۈزۈۋاتقاندا بىلىپتۇ.

— ئۇڭ قۇلىقىڭنىڭ گاس بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدىم مەن رېپسىندىن.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — تېخىمۇ يامىنى ئوڭ تەرىپىم ئۇيۇشۇپلا تۇرىدۇ، پۇت ـ قوللىرىمنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيۋاتىمەن.

— يەنە ھىيلە ئىشلىتىۋاتامسەن ـ يا؟ — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن.

ئۇ بېشىنى چايقىدى، مىيىقىدا بىر خىل كۈلكە پەيدا بولدى. ئەمما سول تەرىپى كۈلگەندەك قىلغان بىلەن، ئوڭ تەرىپىدىكى مۇسكۇللار مىدىرلاپمۇ قويمىدى.

— بۇ دېگىنىز بۆرىسى رېسىنىنىڭ ئاخىرقى ھالىتى، — دېدى ئۇ، — مەن پالەچ بولۇپ قالدىم، ئەمدى يول يۈرەلمەيمەن، بەدىنىمنىڭ يېرىمىدىلا جان بار. ئىسىت، ساغا بۇرۇنلا قول سالسام بوپتىكەن، ئۆزۈمنى ناھايىتى كۈچلۈك دەپ يۈرۈۋېرىپتىمەن.

— نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچى بولدۇڭ؟ — دېدىم مەن.

— ياشاش ئۈچۈن، تىرىك قېلىش ئۈچۈن، چوڭ زەمبۇرۇغ بولۇپ سەن كىچىك زەمبۇرۇغنى يەۋېتىش ئۈچۈن. بىراق ئەمدى مۇشۇنداق ھالدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

ئۇنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋەتكەن بولسامۇ، ئۇنىڭدىن يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدىم. ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق شۇملۇق كېلەتتى.

ئۇنىڭ كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، گەپنىمۇ تۈزۈك قىلالمايدىغان، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ ئارانلا بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلالايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ بېشىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ۋە ناۋادا ئۆزى تىلدىن قالسا، ئالاقە ئېھتىياجى ئۈچۈن قولىنى بىر باسسا «ھەئە»، ئىككى باسسا «ياق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ھەقىقەتەن ئەسقاتتى، كەچ مەھەلدە ئۇ پۈتۈنلەي تىلدىن قالدى. ئۇ سول قولى بىلەن ئويلىغانلىرىنى بىر

ۋاراق قەغەزگە يازاتتى.

كېمىنى رېمونت قىلىش ئىشلىرى ئۆز جايىدا كېتىۋاتاتتى، ماچتا ئورنىتىلىشقا ئازلا قالغانىدى.

ناھايىتى چوڭ ماچتىنى ئورنىتىپ بولغانلىقىمىز-دىن خۇش بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، بۇرنىمىزغا ئىس پۇ-راشقا باشلىدى.

بىرنەرسىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەنىدەك قىلى-دۇ، — دېدى مود جەزملەشتۇرۇپ.

ئىككىمىز تەڭلا شوتىغا ياماشتۇق، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا پالوبىغا يۈگۈرۈپ چىقتىم. ئوپچە بۆلۈمىنىڭ ئې-غىزىدىن قاپقارا ئىس چىقىۋاتاتتى.

— ئۇ تېخى ئۆلمەپتۇ - دە، — دېدىم مەن ئۆز - ئۆ-زۈمگە پىچىرلاپ، بۆلۈمىنىڭ ئىچى ئىسقا توشقانىدى، مەن سىلاپ - سىيپاپ يۈرۈپ دېڭىز بۆرىسى رېسىنى-نىڭ كارىۋىتى قېشىغا كەلدىم، نەپىسىم قىسىلىپ تىن ئالالمايۋاتاتتىم. مەن گەدىيالنى قايرىپ ئۇنى ئىزدەۋاتقى-نىمدا، كۆيۈۋاتقان بىرنەرسە بىلىكىمگە چۈشتى. ئەس-لىدە رېسىنى ئۇستۇنكى كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى يې-رىقتىن كۆرپىگە ئوت ياققان ئىكەن، ئۇنىڭ سول قولى ئوت قويۇشقا ياراپتۇ - دە. نەم تارتىپ قالغان پاخال كۆرپىگە ئاستىدىن ئوت تۇتىشىپتۇ، بىراق ئوكسىگېن يېتىشمى-گەچكە، ئۇ تۇتەپ ئىس چىقىرىشقا باشلىغانىكەن.

## 34

— سول تەرىپىمىز تۈگىشىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ يازغانىدى دېگىز بۆرىسى رېسسىن كېمىگە ئوت قويماقچى بولغان كۈنى ئەتىگىنى، — سول تەرىپىم ئۈيۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. قولۇمنىمۇ كۆتۈرەلمەيۋاتىمەن. ماڭا ئۈنلۈك گەپ قىلىڭلار، قارىغاندا ئالاقىلىشىش يولىمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

قېرىنداش ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. مەن قېرىنداشنى ئۇنىڭ قولىغا قايتىدىن تۇتقۇزۇپ قويدۇم.

— ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مود قاتتىق ئاۋازدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا.

ئۇ ئۈچ قېتىم خەت يېزىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، قوللىرى قاتتىق تىترەپ، قېرىنداشنى تۇتالماي قالدى. مود ئۇنىڭ بارماقلىرىنى تۇتتۇۋالغاندىن كېيىنلا، ئۇ يېزىشقا باشلىدى. ئۇ قەغەزگە ناھايىتى چوڭ ۋە ئاستا قىلىپ «جۆيلۈمە» دېگەن خەتنى يازدى.

«جۆيلۈمە» دېگەن سۆز دېگىز بۆرىسى رېسسىننىڭ ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالدى. ئۆلىدىغان چېغىدىمۇ تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىدى، ھېچنېمىدىن قورقمىدى. قولى سىيرىلىپ چۈشۈپ، بەدىنى سەل مىدىرلاپ قويدى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى.

ئالدىنقى ماچتىنىڭ ئورنىتىلىپ بولۇشى بىلەن ئىشلار ناھايىتى ياخشى يۈرۈشۈپ كەتتى. ئۆزۈمنىمۇ سەزمەيلا ئاساسىي ماچتىنى ئورنىتىۋەتتىم. يەنە بىر-نەچچە كۈن سەرپ قىلىپ يەلكەننى ياماپ ئىسىۋەتتۇق. كېمىنىڭ تۇمشۇقىدىكى ئۈچ بۇرجەك يەلكەن، ئالدىنقى ماچتىدىكى يەلكەن ۋە ئاساسىي يەلكەنلەرگە ياماق چۈ-شۈپ، ئالا ـ بۇلىماچ بولۇپ قالدى.

— سەت بولغىنى بىلەن كارغا كېلىدۇ، — دېدى مود خۇشاللىق بىلەن، — بىز ئۇلارنى ئىشلىتەلەيمىز، ھاياتىمىزنى ئۇلارغا تاپشۇرىمىز!

35

يولغا چىقىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. تىرىشچان-لىق ئارىلىغا تارتىشىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق ئىدى. «ئالۋاستى» ناملىق كېمىگە توم، قىسقا ماچتىنى ئور-نىتىپ، يىرتىق يەلكەننى ئاستۇق. قول ئەمگەكلىرى-مىزنىڭ نەتىجىسى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، بەك پۇختا، مۇستەھكەم ئىدى. مەن ئۇلارغا قاراپ ئۆزۈمنى تازا كۈچتۈڭگۈر ئادەمدەك ھېس قىلىپ قالدىم.

سالقىن شامال بىز تۇرغان كىچىك دېڭىز قولتۇقىغا ئۇرۇلاتتى. دېڭىز يۈزى جىمجىت بولغىنى بىلەن، تېز-دىن ماڭىدىغان ئورنىمىزدىن بىخەتەر قوزغىلىپ

كېتەلمەيتتۇق.

مەن دەرھال كېمىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈپ رولنى تۇتتۇم. «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنىڭ يەلكەنلىرى شامالغا يۈزلىنىش بىلەنلا كېمە قوزغالدى.

مەن كېمىنى ھەيدەپ ئىچكى دېڭىز قولتۇقىدىن ئۆتۈپ، سىرتقى دېڭىز قولتۇقلىرىنى بويلاپ بىر ئاز ماڭدىم. كېمە يەنە بىر ئايلىنىپ دېڭىزغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىن چىققان قۇياش نۇرىدا ئارال ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى.

— مەن بۇ جاينى ئىپتىخارلىق بىلەن مەڭگۈ ئېسىمدە تۇتىمەن، — دېدىم مەن مودقا.

ئۇ بېشىنى خانىشلاردەك تىك تۇتۇپ:

— سۆيۈملۈك ئارال، مەن سېنى مەڭگۈ سۆيىمەن! — دېدى.

— يەلكەن بوغقۇچىنى بوشىتىپ ياپونىيىگە قاراپ ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن خۇشاللىق ئىلكىدە يايراپ.

مەن 36 سائەت دەم ئالماي رول تۇتقاچقا، چارچاپ ھالىم قالمىغانىدى. مەن مودنىڭ پىكرى بويىچە كېمىنى شامالغا قارشى توختاتتىم. قورسىقىم قاتتىق ئاچقانىدى. تاماقنى چايناۋېتىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇ ھالدا 12 سائەت ئۇخلاپتىمەن.

ئەتىسى سەھەردە، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن مەن دېڭىز بۆرىسى رېسىننىڭ جەسىتىنى پالۋىغا ئېلىپ

چىقىپ دېڭىزغا دېڭىز قىلماقچى بولدۇم، قاتتىق شامال چىقىپ، دېڭىزدا ئۇلۇغ دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. مەن ئىشىك قانتىنىڭ بىر بېشىنى ئېگىز كۆتۈردۇم، برېزېنت بىلەن ئورالغان جەسەت سىيرىلىپ چۇشۇپ دېڭىزغا چۆكۈپ كەتتى.

— خەير - خوش، ئىبلىس، — دېدى مود پەس ئاۋازدا.

مەن مەقسەتسىزلا شامال ئۇرۇۋاتقان تەرەپكە كۆز-لىرىمنى تىكتىم. ئىككى - ئۈچ دېڭىز مىلى يىراقلىقتا بىر دانە كىچىك پار كېمىسىنىڭ بىزگە قاراپ كېلى-ۋاتقانلىقى كۆرۈندى. كېمە قارا سىرلانغان بولۇپ، ئوۋ-چىلارنىڭ ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلىغان ھېكايىلىرىدىن بۇ كېمىنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئەتكەسچىلىككە قارشى تېز كېمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغانىدىم.

— بىز قۇتۇلۇپ قالدۇق، — دېدىم مەن ناھايىتى كەسكىن، تەنتەنىلىك قىلىپ.

مەن ئۇ قىزغا قارىدىم. بىزنىڭ چەكسىز شادلىققا تولغان كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى، بىز بىر - بىرىمىزگە بىردەم قارىشىپ تۇردۇق - دە، ئىختىيارسىز ھالدا چىڭ قۇچاقلاشتۇق.

— سىزنى سۆيىمەن دەپ ئېنىق دېيىشىم زۆرۈرمۇ؟

— بولدى دېمەڭ، شۇنداق دېسىڭىزمۇ بەكلا شېرىن، ئىنتايىن شېرىن بولاتتى، — دېدى ئۇ.

# ئەسلىي ئەسەر ئۈستىدە تەھلىل

نوقۇل ھېكايە ۋەقەلىكى ئۈستىدىلا مۇلاھىزە ئېلىپ بارساق، «دېڭىز بۆرىسى» رومانى بىرقەدەر ئاددىي رومان ھېسابلىنىدۇ. بۇ رومان ئالىم ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى خىمپولل ۋان ۋېيدېنىنىڭ دېڭىزدا پالاكەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقىدەك كەچۈرمىشى يىپ ئۇچى قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىلىدىن ئۇنىڭ دېڭىزدا كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئارقىدىن دېڭىز يىلپىزى ئوۋلىغۇچى «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىكىلەر تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغانلىقى، ئۇ كېمىدە بىر توپ قوپال، چاكىنا ماتروسلار، دېڭىز يىلپىزى ئوۋلىغۇچىلار ۋە كېمە كاپىتانى — دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىلەن بىللە تۇرغان چېغىدىكى كەچۈرمىشلەر بايان قىلىنىدۇ. كېمىدىكى ماتروسلار ۋە دېڭىز يىلپىزى ئوۋلىغۇچىلار بىلەن دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئارىسىدىكى قاتمۇقات زىددىيەتلەر توپىلىدىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق، دۇمبالاشلار خىمپولل ۋان ۋېيدېنىدىن ئىبارەت بۇ مەرىپەتلىك دۇنيانىڭ «مۆتىۋىرى» ئالدىدا قايتا ـ قايتا رەھىمسىزلەرچە ئايان بولۇپ تۇرىدۇ. كېمىدە، قارشىلىق كۆرسەتكۈچى

كۆچلەر — جونسون، رىچ قاتارلىقلاردىن باشقا، ۋان ۋېيې-دېنمۇ دېڭىز بۆرىسى رېسسېن بىلەن ئىدىيە، كۆزقاراش جەھەتتە كەسكىن ئېلىشىدۇ. كېمىدىكىلەر كېيىن دې-ڭىزدا پالاكەتكە يولۇققان بىرنەچچە كىشىنى قۇتقۇزۇۋا-لىدۇ، ۋان ۋېيدېن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولغان بىروست خانقىز بىلەن كېمىدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. ئارقىدىنلا رېسسېننىڭ زۇلۇمىدىن جاق تويغان ماتروس، ئوۋچىلار رېسسېندىن ئۆچ ئالىدۇ. ئاخىر جاننى ئالدى-غان قاتتىق باش ئاغرىقى رېسسېننى زەئىپ ـ ھالسىز بىر قارىغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ كېمىدە بىر ئۆزى قېلىپ، قىلمىشىغا يارىشا بۇ دۇنيادىن ئىت كەبى خوشلىشىدۇ. دېڭىز بۆرىسىنىڭ كېمىسىدە تەقدىرنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ۋان ۋېيدېن بىلەن بىروست خانقىز ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر مۇھەببەت رىشتى-سى باغلىنىدۇ. رېسسېننىڭ جەستىنى دېڭىزغا دەپنە قىلىپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر دېڭىزدا قۇتقۇزۇۋېلىنىپ، مەرىپەتلىك جەمئىيەتكە قايتىدۇ.

لېكىن ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، «دېڭىز بۆ-رىسى» رومانى ئىنتايىن قىزىقارلىق رومان. ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈچى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭدا تەس-ۋىرلەنگەن بىرنەچچە ئاساسلىق پېرسوناژ — دېڭىز بۆ-رىسى رېسسېن، ۋان ۋېيدېن، بىروست خانقىز، جونسون،

رىچ ۋە ئاشپەز ماگرىچ قاتارلىق ئىنسۇىدۇئاللىقى روشەن ئوبرازلاردىن، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن تا-مامەن پەرقلىنىدىغان ئىدىيە، كۆزقاراشلىرى، شۇنىڭدەك دېڭىزدىكى خەتەرلىك، قان ـ ياش بىلەن تولغان تۇرمۇ-شىدىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. باش پېرسوناژ دېڭىز بۆرىسىنى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار جېك لوندون قەلـــمى ئاستىدا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان «پەۋقۇلئاددە ئادەم» نىڭ ئوبرازى دەپ قارايدۇ. رېسىـــنىـــڭ تـــاشــقى قىياپىتى ۋە تەقى ـ تۇرقى ناھايىتى كېلىشكەن بولۇپ، ئۇ «ئەركەكلەرگە خاس قەيسەر، جەسۇر، ئىلاھتەك نۇق-سانسىز، مۇكەممەل» كىشى؛ ئۇنىڭ ھەرىكىتى چەبدەس، ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىلگىرى بىر مۇشت بىلەنلا ئادەمنىڭ «مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتكەن»، بۇلا ئەمەس، ئۇ يەنە ئىنتايىن ئەقىللىق ئادەم. ئۇ نامرات ئا-ئىلىدە تۇغۇلغان، مەكتەپتە بىر كۈنمۇ ئوقۇمىغان بول-سىمۇ، كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئىرادىسى بىلەن ئۆ-زىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى يېتىلدۈرۈپ، ھەر تەرەپلىمە مول بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ھەمدە نۇرغۇن داڭلىق ئە-سەرلەرنى ئوقۇغان. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىر «پەۋقۇل-ئاددە ئادەم»، بىر غالىب كىشى، دېڭىز زومـــىگـــىرى، شۇنداقلا سېسىق نامى پۇر كەتكەن دېڭىز قاراقچىسى تىپىدىكى كاپىتان.

پۈتۈن روماندا پۈتۈنلەي دېڭىز بۆرىسى رېسىن ۋە

ئۇنىڭ ئىدىيە، كۆزقارىشى بايان قىلىنغان دېيىشكە بولىدۇ. روماندىكى بىرنەچچە ئاساسلىق پېرسوناژ رىيىسەن بىلەن سېلىشتۇرما قىلىنغان بولۇپ، گەۋدىلەندۇرۇش ۋە سېلىشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ ئوبراز يورۇتۇپ بېرىلگەن ۋە روشەنلەشتۇرۇلگەن. باشقا پېرسوناژلارغا كەلسەك، خۇددى كەم بولسا بولمايدىغان سەھنە پەردىسى ۋە دېكوراتسىيىدەك، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنى بىر كىچىككىنە دۇنياغا ئايلاندۇرغان، ئۇلارنىڭ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى بولسا بۇ دۇنيانىڭ مەزمۇنىنى شەكىللەندۇرۇپ، بىر خىل كەيپىيات ھاسىل قىلغان.

دىگىز بۆرىسى رىيىسەن بىلەن ۋان ۋېيدېن روماندا ئاساسىي سېلىشتۇرما شەكىللەندۇرگەن. ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىن قارىغاندا، ۋان ۋېيدېن جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر، مۇقىم يۇقىرى كىرىمى بار، تۇرمۇشى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتىدىغان ئادەم. دىگىز بۆرىسى رىيىسەن بولسا جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا تەۋە، تۆۋەن قاتلام پۇقرالىرى بىلەن قاراقچى ئارىلىقىدىكى ئادەم. ئائىلە مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، ۋان ۋېيدېن ئائىلىسىدىكىلەرنى، ئاايلۇق، ئانىسى ۋە ھەدە ـ سىڭىللىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ئاياللار ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مېھىر ئاتا

قىلىدۇ. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بولسا قىلىقسىز، سوغۇق «ئەرلەر دۇنياسى» دا ياشايدۇ. ئۇ ناھايىتى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا دېڭىزدا جان تىكىپ ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئاكىسى دوزاخ ئىلاھى رېسسىن «ماكېدونىيە» ناملىق دېڭىز يىلپىزى ئۇۋلىغۇچى كېمىنىڭ كاپىتانى ئىدى، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، ئۇلاردا بىر ـ بىرىگە قىلچىمۇ قېرىنداشلىق مېھرى يوق ئىدى. دېڭىز يىلپىزى ئۇۋلىغاندا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۆز كېمىلىرىنى ھەيدەپ دېڭىزدا قاتتىق ئېلىشىدۇ. ئاخىر دوزاخ ئىلاھى رېسسىن غەلىبە قىلىپ، دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېتىدۇ، پەقەت ئاغرىقچان دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئۆزىنىڭ ئەبجەق كېمىسىدە يەككە ـ يېگانە قالىدۇ. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن بىلەن ۋان ۋېيدېن ئىككىسىنىڭ كەچۈرمىشى ۋە ئالغان تەربىيىسىدىن قارىغاندا، ۋان ۋېيدېن دېڭىز بۆرىسى رېسسىنگە ئۇچراشتىن ئىلگىرى ئىشلىرى جايىدا، غەم ـ ئەندىشىسىز ياشايتتى، ئۇ ياخشى تەربىيە ئالغانىدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەدەبىياتقا بېرىلگەن، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى ئىنتايىن ئاز كۆرگەن، قوپال، چاكىنا ئادەملەر بىلەن ناھايىتى ئاز باردى ـ كەلدى قىلغانىدى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىن نامرات ئائىلىدە تۇغۇلغان، كىچىك چېغىدىن تارتىپلا دېڭىزدا سەرسانلىق ـ

سەرگەردانلىق تۇرمۇشى كەچۈرگەن، ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۇرۇپ ئىگىلىك تىك-لەپ، «ئالۋاستى» ناملىق كېمىگە ئىگە بولغان. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە تۇر-مۇشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك سەرگۈزەشتىلىرى ئارقى-لىق نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ئىدىيە، كۆزقاراش جەھەتتە ناھايىتى زور پەرقنى پەيدا قىلغان، جىسمانىي جەھەتتە، ۋان ۋېيدېن ئەلۋەتتە دېڭىز بۆرىسى رىپسىننىڭ رەقىبى ئەمەس، شۇڭا رىپسىن ئۇنى ئۆزىنىڭ خىزمەتكارى بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزى جەھەتلەردە ئوخشىشىدىغان تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس، ئۇ بولسىمۇ ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ئۈستىدە بوشاشماستىن ئىزدى-نىش، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۈزلۈك-سىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، تۇرمۇشتا گۈزەللىك ئىزدەش ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتا بۇ ئىككىيلەننى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپ، رىپسىننىڭ ۋان ۋېيدېنغا ئىتىبار بىلەن قارىشىغا سەۋەب بولغان.

دېڭىز بۆرىسى رىپسىننىڭ كىشىلىك ھايات قارى-شى، جەمئىيەت قارىشى بۇ ئەسەرنىڭ مەركىزىي مەز-مۇنى. ئەسەردە خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز كۆز ـ قارىشىنى شەرھلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ

بىرىلگەن، ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىسى ۋە مۇنازىرىلىرىشىش ئوبيېكتى ئاساسەن ۋان ۋېيدېن ئىدى، ئەلۋەتتە. دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ نەزىرىدە «ھاياتلىق ناھايىتى مۇ-رەككەپ نەرسە، ھاياتلىقلار ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغى ياكى ئېنزىمغا ئوخشاش ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان نەرسە، بە-زىلىرى بىر مىنۇت، بىر سائەت، بىر يىل ياكى 100 يىل ياشىشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلار ئاخىرىدا يەنىلا ئۆ-لىدۇ. ئۇلار چوڭلىرى كىچىكلىرىنى يېيىش ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. كۈچلۈكلىرى ئاجىز-لىرىنى يېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ. تەلىيى ئوڭلار كۆپرەك يەپ، ئۇزاقراق ياشايدۇ. ھاياتلىق دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ». بۇ بىر ئابزاس سۆز دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ يادرو-سى، شۇنداقلا پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتىد-ئىنەزەرى. دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ باشقا نۇقتىئىد-نەزەرلىرى مۇشۇ نۇقتىئىنەزەرنى مەنبە قىلغان. دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ سۆزلىرىدە بىر خىل ئاددىي، ھە-قىقىي كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، ھېچبولمىغاندىمۇ ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ھالىتىنىڭ بەزى قاتلاملىرىدا، دەل مۇشۇنداق ھەقىقىي، رېئال كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتا، گەرچە ۋان ۋېيدېن قوشۇلالمىس-مۇ، لېكىن كۈچلۈك رەت قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ.

ئەسەردە ۋان ۋېيدىن توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن دىككىنز بۆرىسى رىبسىن ئوتتۇ-رىسىدىكى تۈپتىن ئوخشاشمايدىغان مۇھىت، كەچۈرمىش ۋە تەربىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان غايەت زور پەرق يورۇتۇپ بېرىلگەن. بىرى، مەدەنىيەت تەربىيىسىنىڭ جارچىسى، بىرى بولسا، ئۆزى كۆكلەپ، ئۆزى قۇرۇپ كېتىدىغان ياۋايى كۈچىنىڭ ۋەكىلى. بۇ ئارقىلىق دىككىنز بۆرىسى رىبسىنىڭ ئوبرازى چوڭ جەھەتتىن يارىتىلغان. تىپ-لاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇشتەك بايان شەكلىدىن ساقلى-نىش ئۈچۈن، ئاپتور «ئالۋاستى» ناملىق كىيىمدە دىككىنز بۆرىسى رىبسىنغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە جۈرئەت قىلغان، ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغدىغان ئىك-كى نەپەر ماتروسنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تى-رىشقان.

جونسون ئەسەردىكى خېلى چاقناپ تۇرغان بىر پېرسوناژ ئوبرازى. ۋان ۋېيدىن تىل ۋە ئىدىيە جەھەتتە دىككىنز بۆرىسى رىبسىنىڭ ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزىرىگە رەددىيە بېرەلمەي قالىدۇ، لېكىن جونسون ئۆز ھەرىكى-تىدە رىبسىنغا قاتتىق رەددىيە بېرەلەيدۇ. ۋان ۋېيدىن-نىڭ «مەن جونسوننىڭ ھەرىكىتىدىن دىككىنز بۆرىسى رىبسىنىڭ جىمى ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىگە بې-رىلگەن مۇكەممەل رەددىيىنى بايقىدىم.... بۇ يەردە روھ-نىڭ جىسمانىي ئازاب ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى،

مەنىۋى جەھەتتىكى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھ ۋە ئەخلاقىي كۈچ نامايان بولدى» دېگەن سۆزلىرى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى يارقىن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن. بۇ پۈتۈن ئەسەردىكى دېگىمىز ئۇستى دۇنياسىدىكى كىشىلەرنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەيدىغان بىردىنبىر ئابزاس سۆزنى ئاپتور جونسونغا بېغىشلىغان. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەنگەن جونسوننىڭ ۋۇجۇدىغا ئادىمىيلىكنىڭ بىر خىل ئالىيجانابلىقى مۇجەسسەملەنگەن، گەرچە ئۇ پاسكىنا، قالايمىقانچىلىق بىلەن تولغان كېمىدە يىرتقۇچ ھايۋان كەبى بىر توپ كىشىلەر بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادىمىيلىكىدە چاقناپ تۇرغان بىر بۆلەك ئىنسانىي تۈيغۇ بۇنىڭلىق بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى قەيسەرلىك بىلەن قوغدايدۇ. بۇ — ئۇنىڭ قايتا-قايتا دۇمباللىنىشىنىڭ سەۋەبى. بۇ جەھەتتە ئۇ ھەتتا «مەن» — ۋان ۋېيدىندىن خېلىلا يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ مۇستەقىللىق-ئەركىنلىككە ئىنتىلىش مىجەزى ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى ھۆرمەتلىشىدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، ئۇنىڭ ئادالەتسىز زۇلۇمغا ھەرگىز تىز پۈكمەسلىكىدە تېخىمۇ يارقىن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا جاسارەت كېرەك، بۇنداق جاسارەت ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئېتىقاد بىلەن باغلانغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇشۇنداق قورقماس كۈچ-جاسارەت

ئاتا قىلالايدۇ. جونسوننىڭ زورلۇق – زومبۇرلۇققا قارشى-لىق كۆرسىتىشكە تۇرتكە بولغان ئېتىقاد ئىنسان تە-بىئىتىدىكى ياخشى خىسلەتتىن كەلگەن. دېڭىز بۆرىسى رېسسىندىكى ياۋايى كۈچ بولسا كەسكىن ياشاش رىقا-بىتى ۋە دەھشەتلىك جان ساقلاش مۇھىتىنىڭ مەج-بۇرلىشىدىن پەيدا بولغان ئىنسان تەبىئىتىدىكى رەزىل تەرەپتىن كەلگەن.

گېئورگي رېچىنىڭ مىجەز – خاراكتېرى جونسون-نىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر – قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئىز-زەت – ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ. ئۇ خورلۇق – ھاقارەتكە ئۇچرىغاندا شۇئان قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، قىلچە ئىك-كىلەنمەيدۇ. رېچ جونسوندىنمۇ ياش، كىچىك بولغاننىڭ ئۈستىگە، ئاچچىقىمۇ ناھايىتى يامان يىگىت. ئۇ ئەزەل-دىن يېڭىلگىنىگە تەن بەرگەن ئەمەس. ھەتتا كۆپ قې-تىم قاتتىق دۇمبا يېگەندىن كېيىنمۇ باش ئەگمەيدۇ. بەزىدە جونسوننىڭ ئىرادىسىدە بىرئاز بوشىشىش ئالا-مىتى كۆرۈلىدۇ، لېكىن رېچىنىڭ ئىرادىسى چىڭقىسا چىڭقىيىدۇكى، ھەرگىزمۇ بوشىشىپ قالمايدۇ. جونسون قاتتىق دۇمبالانغاندىن كېيىن، رېچ دېڭىز بۆرىسى رېسسىنى ئاشكارا قاتتىق تىللايدۇ، جونسوننىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. بۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئىش. شۇڭا،

ئاپتور ۋان ۋېيدىيىننىڭ تىلىدىن ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ. بۇ 18 ياشلىق يىگىت تىللاش ئارقىلىق قارشىلىقىنى ئىـ-پادىلەپلا قالماي، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىمۇ ئوچۇق قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، ئۇ دىگىز بۆرىسى رېسىنىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قىلىدۇ، بىر قېتىم ماتروسلارنى تەشكىللەپ، كېچىدە دىگىز بۆرىسى رېسىنىنى راسا دۇمبالايدۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرەلمەي قالىدۇ.

زوراۋانلىققا قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان جونسون بىلەن رېچقا نىسبەتەن ئاپتور مەدھىيە ئوقۇش پوزىتسىيىسىدە بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە مۇرەككەپلىكىنى يوققا چىقىرىۋەتمەيدۇ. كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن، ئاپتور جونسون بىلەن رېچنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «جونسون تۇغۇ-لۇشىدىنلا چۈشكۈن تەبىئەتلىك ئىدى، رېچ بولسا ئۈ-مىدسىز، ئېلىشىشلاردا يېڭىلگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق كۈچ ـ دەرمانى قۇرۇغانىدى.» بۇنداق تەسۋىرلەش شۈبھىسىزكى، پاكىتقا تولىمۇ يېقىن. ئاخىردا، جونسون بىلەن رېچ ئوغرىلىقچە قولۋاققا ئولتۇرۇپ «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىن قاچىدۇ، ئەپسۇسكى، بوران ـ چاپقۇندا قولۋاق ئاغدۇرۇلۇپ، دېڭىز ئۇلارنى يۇتۇۋېتىدۇ. بۇنداق يېشىمگە نىسبەتەن، ئاپتورنىڭ پوزىتسىيىسى يەنىلا نا-ھايىتى روشەن بولغان، گەرچە ئاپتور ئۇلارنى زوق ـ شوق

بىلەن مەدھىيىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇنداق مۇدھىش مۇھىتتا بۇنداق ئادەملەرنىڭ هايات قىلىشى كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن بۇ مەسىلىدە يەنىلا كۆڭۈلدە شۈبهە بولغان.

مود بىروستىتىن ئىبارەت بۇ رومانىدىكى بىردىنبىر ئايال زاتىنىڭ ئوبرازى دېگەندەك ئوبدان يارىتىلمىغان، ئۇ توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر كىشىگە زورمۇزور قوشۇپ قويغاندەك تەسىرات بېرىدۇ. ئەسەردە مود بىروست ۋان ۋېيدېننىڭ بىر خىل تولۇقلىمىسى — ھەر ئىككىسىلا بىر تىپتىكى ئادەملەر ئىدى. دېڭىز ئۈستىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىمۇ ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي ئورنى، مۇھىت شارائىتى، خىزمەت تارىخى قاتارلىقلار ئومۇمەن ئوخشاش، ئىككىسىنىڭ بىردىنبىر پەرقى ئۇلارنىڭ جىنسى — بىرى ئەر، بىرى ئايال ئىكەنلىكىدە، مود بىروستىنىڭ دېڭىز بۆرىسى رېيسىن بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە باغلىنىشى ئارقىلىق دېڭىز بۆرىسى رېيسىنىڭ بىر ئەركەك سۈپىتىدىكى جەزبىدارلىقى ۋە ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پۈتۈن رومانىدىكى جىمى ئەركەكلەر ئارىسىدا دېڭىز بۆرىسى رېيسىن بىروست خانقىزنى ياخشى كۆرىدۇ. رېيسىن بىلەن ۋان ۋايېدېن ئارىسىدا بىر خىل زىل ۋە نازۇك مۇھەببەت مۇناسىۋىتى بار. لېكىن ئاپتور بۇ تەرەپنى يەنىمۇ كۈچلۈك

يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشمىغان.

بۇ بىرنەچچە ئاساسلىق پېرسوناژ ئۇستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئەمدى نەزەرىمىزنى «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىكى باشقا كىشىلەرگە ئاغدۇرايلى: بۇ پېرسوناژلار ئاساسىي جەھەتتىن نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، ياخشى تەربىيە كۆرەلمىگەن، شۇنداقلا رېسسىندەك ئۇنداق تىرىشىپ ئۆزلۈكىدىن بىلىم ئىگىلىمىگەن تومپاي كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ بىلىمگە ئېرىشىشىدىكى بىردىنبىر يولى تۇرمۇش ۋە تەجرىبىدىن ئىبارەت. بۇ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان، ئەمما ھەقىقىي مەۋجۇت كىشىلەر بولۇپ، ئىلگىرى ئۇلارغا ئىنتايىن ئاز دىققەت قىلىنغان. جېك لوندوندىن ئىبارەت بۇ كەچۈرمىشى ئەگرى ـ توقاي، تۇرلۇك سورۇن ـ جايلارنى كۆرگەن يازغۇچى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى يورۇقلۇققا چىقارغان.

بۇ كىشىلەر ئىچىدە، ئاپتور ئاشپەز ماگرىج ئۇستىدە كۆپرەك توختالغان. ئۇ تاشقى كۆرۈنۈشى سەت ۋە كېلىشكەن لوندونلۇق بولۇپ، كېمىدىكى ئاجىزنى بوزەك قىلىپ، ياماندىن قورقىدىغان، تەخسكەشلىك قىلىشقا ماھىر بىر ئەبلەخ. ئەسەردە خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلىپ، ماگرىج بىلەن ۋان ۋېيدېن ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سىنىشىش بايان قىلىنىدۇ. ۋان ۋېيدېن دەسلەپتە ئاجىز ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ مەدەنىيەتلىك زات پەسكەشلەرگە

قارىتا قىلچە ئامال قىلالمايدۇ، لېكىن لوكچەك قاراق-چىلار ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن ئادەم هامان ئۆزىنى هىمايە قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپماي قويمايدۇ. ۋان ۋېيدېن ئاخىرى يامانغا يامانلىق قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرىدۇ. ماگرىچ ئاخىر تەسلىم بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ۋان ۋېي-دېن ئالدىدا تىز پۈكۈپ، تولىمۇ ئىتائەتچان بولۇپ كې-تىدۇ. ئەسەرنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن جايىدا ماگرىچنىڭ يىرگىنچلىك قىلمىقلىرى يېزىلغان، لېكىن ئاپتور ئۇ-نىڭغىمۇ ھېسداشلىق پوزىتسىيىسى تۇتىدۇ: ماگرىچ «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدە ھەمىشە باشقىلارنىڭ مەس-خىرە قىلىش، ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ، كۆپ قېتىم قاتتىق دۇمبالىنىدۇ. ئاخىر تې-خى دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قوي-غاچقا، رېسسىن ئۇنى دېڭىزغا چۈشۈرۈپ-چىقىرىپ جازالايدۇ، ئاكۇلا ئۇنىڭ بىر پۇتىنىڭ ئۇشۇقىدىن تۆۋەن قىسمىنى يەپ كېتىدۇ، لېكىن ماگرىچ تامامەن ئىتا-ئەتمەنلىك قىلىۋەرمەيدۇ. ئۇمۇ بەزىدە قارشىلىق كۆر-سىتىدۇ. شۇغىنىسى ئۇنىڭ قارشىلىقى ئانچە ئوچۇق-ئاشكارا، بىۋاسىتە بولمايدۇ، خالاس. ئاخىردا ماگرىچ دېڭىز بۆرىسى رېسسىننىڭ كېمىسىنىڭ ماچتىسىنى يوشۇرۇن-چە كېسىۋېتىپ، دېڭىز بۆرىسى رېسسىندىن ئۆچ ئالىدۇ.

«دېڭىز بۆرىسى» رومانىدا تۆۋەن قاتلامدىكى

كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىگە تەن بەرمەي، زوراۋانلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلىشى ھەممە بۇ جەرياندا ئىپادىلەنگەن قەيسەرانە ئىرادىسى ۋە ياۋايى ھاياتىي كۈچى يورۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ، «دېڭىز بۆرىسى» رومانىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا جېك لوندوننىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە يورۇتۇپ بېرىلگەن ئورتاق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جىپسىلىشىدىغان مۇنداق بىرنەچچە ئالاھىدىلىكمۇ بار: بىرىنچى، ئاپتور كۆپىنچە كەڭ كەتكەن بىپايان دېڭىزنى تاشقى مەنزىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ، «دېڭىز بۆرىسى» دە باش قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى يالغۇز ئارالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن دېڭىزدىن ئىبارەت. ئىككىنچى، ھېكايە ۋەقەلىكى غەلىتە، ئاجايىپ ـ غارايىپ، لېكىن بىمەنە، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەمەس. بۇ ئەسەردىكى نۇرغۇن ۋەقەلەر ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا خېلى غەلىتە تۇيۇلۇشى مۇمكىن. ئالايلۇق، دېڭىزغا دېپنە قىلىش مۇراسىمى، ۋان ۋېيدېننىڭ كالتەك بىلەن دېڭىز يىلپىزى ئوۋلىشى قاتارلىقلار كىشىنى تولىمۇ ئۆزىگە تارتىدۇ. لېكىن ۋەقەلىك تەرەققىياتىدا قىلچىمۇ بىمەنىلىك يوق، ھەممىسى شۇنداق تەبىئىي، راۋان چىققان. ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇشىغا ئاپتورنىڭ بىزگە تونۇش بولمىغان تۇرمۇشنى، ئادەتتە ئېتىبارسىز قارالغان كىشىلەر توپىنى ۋە بىرقەدەر سىرلىق ئىنسان تەبىئىتىنىڭ

يەنە بىر تەرىپىنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكى سەۋەب بولغان. ئۈچىنچى، چىنلىقنى يېزىش ئوبيېكتىپ بولۇشقا ئەھـمىيەت بېرىلگەن، ھەددىدىن زىيادە مۇبالىغىلەشتۈرۈشـتىن ساقلىنىلغان. «دېڭىز بۆرىسى» دە ئاساسەن چىنـلىقنى يېزىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، بولۇپمۇ ۋان ۋېيـدېندىن ئىبارەت بىرىنچى شەخس تىلىدىن بايان قىلىش شەكلى قوللىنىلغاچقا، ۋەقەلىك كىشىگە تېخىمۇ چىن، ھەقىقى تۇيغۇ بېرىدۇ، ئەسەر ئىنتايىن كۈچلۈك قوـبۇلچانلىق ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلىنغان. تۆتىنچى، ئەسەردە خېلى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىلىپ، دېڭىز بۆرىسى رىيسىن بىلەن ۋان ۋېيدېننىڭ مۇنازىرىسى بايان قىلىنىپ، نۇرغۇن ئابستراكت پەلسەپىۋى مەسىلىلەر رومانغا كىرگۈزۈلگەن. بۇنداق شەكىل ئادەتتە ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، ئەسەرنى ئوڭايلا ئابستراكتـلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ئەدەبىي ئەسەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئوبرازچانلىق، جانلىقلىق قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئەمما بۇ ئەسەردە، ئاپتور ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى بىلەن، ئەسەرنىڭ ئوبرازچانلىقى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇـرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە بىزنى دېڭىز بۆرىسى رىيسىندىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى تېخىمۇ ياخشى چۈـشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. بۇ ئىككىيلەنـنىڭ ھاياتلىقنىڭ قىممىتى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ

ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى مۇنازىرىلىرى ئەسەرگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، گويا بۇ ئەسەردە ئېچىتىش كۈچى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان «خېمىرتۇرۇچ» تەك، دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ روشەن يارىتىشقا ناھايىتى كۈچلۈك ئىمكانىيەت بەرگەن.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

ئامېرىكىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتى شىمال ـ جەنۇب ئۇرۇشىدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئورنىنى ئالدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، مارك تۋېن، ئوۋ ھېنرى، جېك لوندون قاتارلىق بىر تۈركۈم مەشھۇر يازغۇچىلار بارلىققا كەلدى. شىمال ـ جەنۇب ئۇرۇشى ئامېرىكا تارىخىدىكى بىر دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولدى. شىمال غەلىبە قىلغاندىن كېيىن قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ تېزلەتتى. 1894 ـ يىلى ئامېرىكا سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. بۇ چاغدىكى كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىش جەريانىمۇ ئىنتايىن تېز بولدى، پۇل مۇئامىلە بۇرژۇئازىيىسى

شەكىللىنىپ، ئوتتۇرا، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا، ئىشسىزلارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئاشتى، گەرچە قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن نېگىرلار يەنىلا ئىرقىي زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن خالىي بولالمىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ سىنىپىي زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەندى. جېك لوندوننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى دەل مۇشۇنداق رېئال كۈرەش داۋامىدا باشلاندى. نامرات ئائىلىدىن كېلىپ چىققان يازغۇچى سۈپىتىدە، جېك لوندون ئۆز ئەسەرلىرىدە ئامېرىكىنىڭ زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى ئېچىپ تاشلىدى، كەڭ تۆۋەن قاتلام خەلق ئاممىسىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى ھەمدە ئىنقىلاب ئارقىلىق شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. زۇلمەتلىك جەمئىيەتكە قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بۇنداق روھ نىتزى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان.

نىتزى — گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ، ئىرادىچىلىك تەرەپدارى. ئۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋر 1870 ـ يىلىدىكى پرۇسسىيە ـ فرانسىيە ئۇرۇشىدىن كېيىنكى مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. بۇ گېرمانىيە كاپىتالىزمى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، گېرمانىيە ئىشچىلار سىنىپى كۈنسايىن زورىيىۋاتقان، سىنىپىي كۈرەش كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىۋاتقان، شۇنداقلا كىشىلەر

جەمئىيەتنىڭ ئىللەتلىرىنى كۆرۈپ يەتكەن، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان دەۋر ئىدى. بىر قىسىم كىشىلەر باشقا بىر چىقىش يولى ئىزدەيتتى. نىتزى پەلسەپىسى دەل ئاشۇنداق شارائىتتا ۋۇجۇدقا چىقىپ، ئۇنى تەقەززاسى بىلەن بارلىققا كەلگەنىدى. نىتزى شوپېنخوئېرنىڭ ۋولىيۇنتارىزىم (نوقۇل ئىرادىچىلىك) نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ پاسسىپ ـ ئۈمىدسىزلىك ئامىللىرىنى چۆرۈۋېتىپ، پائال ھەرىكەتچان بولغان «ھوقۇق ـ ئىرادىچىلىك نەزەرىيىسى» نى تەشۋىق قىلدى. نىتزى شوپېنخوئېر ئوتتۇرىغا قويغان مەقسەتسىز، ئەھمىيەتسىز بولغان نوقۇل ھاياتلىق ئىرادىسىنى مۇئەييەن مەقسەت ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى. نىتزى نەزەرىيىسىدىكى مەقسەت ھۆكۈمرانلىققا، ھوقۇققا ئىنتىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. نىتزى ھۆكۈمرانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇق ئىرادىسىنى قوغلىشىش ۋە جارى قىلدۇرۇش ھەم ئالەمنىڭ ماھىيىتى، ھەم تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، شۇنداقلا ئەڭ ئالىي تۇرمۇش پرىنسىپى ۋە ئەخلاق پرىنسىپى دەپ قارايدۇ. 1884 ـ يىلى، نىتزى ئۆزىنىڭ «زاراتۇشترا مۇنداق دەيدۇ» ناملىق ئاساسلىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. نىتزى بۇ ئەسىرىدە ئىجتىمائىي كەيپىيات بارغانسېرى تۆۋەنلەۋاتقانلىقى، كىشىلەر ياخشى خىسلەتنى يوقىتىۋاتقانلىقى توپەيلى مۇقەررەر

ھالدا بىر خىل يېڭىچە ئادەملەر — «پەۋقۇلئاددە ئادەملەر» بارلىققا كېلىدۇ، دەپ بېشارەت بەرگەنىدى.

نىتزىنىڭ پەلسەپىسى شۇ دەۋردىكى تۈزۈمنى تەنقىد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بولۇپمۇ كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ جىنايەتلىرى، دىن ۋە ئەخلاقنىڭ ساختىلىقىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە تەنقىد قىلىشتا ئىنتايىن كۈچلۈك رول ئوينىغانىدى. نىتزى بارلىق كونا ئەنئەنىلەرگە قارشى تۇرغانىدى، ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل بولغان مەبۇدسىزلىق تەرەپدارى ئىدى. لېكىن ئۇ مەنىۋى ئاقسۆڭەكلەر مەيدانىدا تۇرۇپ كاپىتالىزمغا قارشى تۇرغان، تالانتنى تەكىتلىگەن ئىدى، «پەۋقۇلئاددە ئادەم» نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، ئاممىنى كۆزگە ئىلمايتتى، شەخسىيەتچىلىكنى چىقىش قىلاتتى ھەم كاپىتالىزمنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايتتى، ھەم سوتسىيالىزمغا قارشى تۇراتتى. نىتزىنىڭ ئىدىيىسى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ دۇنيادا كەڭ تەسىر پەيدا قىلغانىدى. نىتزى رېئاللىقتىن نارازى بولۇپ، يېڭى يول ئۇستىدە ئىزدىنىدىغان زىيالىيلارغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەكسىيەتچىل كۈچلەرمۇ (مەسىلەن، گېرمانىيە ناتسىستلىرى قاتارلىقلار) نىتزىنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى قىلىۋالغانىدى. ئەدەبىيات جەھەتتە، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى نېمىس تىلىدا يازىدىغان

يازغۇچىلار، ھەتتاكى ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ يازغۇچىلىرى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە نىتزىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. جېك لوندون دەل شۇلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بارلىق ئىجادىيەتلىرىگە نىتزىنىڭ تەلىماتىغا بولغان مۇلاھىزە ۋە تەنقىدلىرى سىڭدۈرۈلگەن.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

دېڭىز بۆرىسى رېسسىن — دېڭىز يىلپىزى ئوۋلايدىغان «ئالۋاستى» ناملىق كېمىنىڭ خوجايىنى، رومانىدىكى باش قەھرىمان، ئالۋاستىدىكى پەۋقۇلئاددە ئادەملەرنىڭ سىمۋولى. ئۇ نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كېلىپ، نامراتلىقنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى يەتكۈچە تارتقان ئادەم، ئۇ ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ باشقىلارغا زومىگەرلىك قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، نۇرغۇن كىتابلارنى كۆرگەن، بىلىم دائىرىسى كەڭ، كاللىسى ئۆتكۈر، چوڭقۇر پىكىرلىك ئادەم.

خېمپولىل ۋان ۋېيدېن — «مەن»، رومانىنىڭ ۋەقەلىكىنى بايان قىلغۇچى، ياش ۋە ئىستېداتلىق مەشھۇر ئالىم، ئۇ تاسادىپىي سەۋەب بىلەن «ئالۋاستى» ناملىق كېمىگە چىقىپ قالىدۇ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە دەھشەتلىك رېئاللىق ئالدىدا، بىر ئاجىز تالىپتىن قەيسەر، باتۇر

ئەركەككە ئايلىنىدۇ.

جونسون — «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىكى ماتروس، ئۇ بەستلىك، ئاق كۆڭۈل، ئادالەتپەرۋەر، باتۇر، ناھايىتى غۇرۇرلۇق ۋە مۇستەقىللىق خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەم.

گېئورگې رېچ — «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىكى خىزمەتكار، كېيىن ماتروسلۇققا كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇ جونسوننىڭ دوستى ۋە ياردەمچىسى، ئىككىيلەننىڭ خاراكتېرى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار زوراۋانلىققا قارشى كىچىك گۇرۇھ قۇرىدۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ قارشىلىقى مەغلۇپ بولۇپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ.

لۇئى — «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىكى بىر تەجرىبىسى مول كېمە رولچىسى، ئاغزى ئىتتىك، تۈز مىجەزلىك ئىرلاندىيىلىك كىشى.

ماگرىج — «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىكى ئاشپەز، شەخسىيەتچى، ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، نىيىتى بۇزۇق ئەبلەخ. ئۇ كېمىدىكى ياۋاشنى بوزەك قىلىپ، ياماندىن قورقىدىغان، جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان قاقۋاش.

مود بروست — رومانىدىكى بىردىنبىر ئايال پېرسوناژ، مەشھۇر يازغۇچى، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان، جەزبىدار، جاسارەتلىك ئايال بولۇپ، «مەن» بىلەن مۇھەببەت باغلايدۇ، ئىككىسى بىرلىكتە «ئالۋاستى» ناملىق كېمىدىن قېچىپ قۇتۇلىدۇ.

دوزاخ ئىلاھى رېسسىن — «ماكېدونىيە» ناملىق

دېڭىز يىلپىزى ئوۋلىغۇچى كېمىنىڭ خوجايىنى، دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ ئاكىسى. ئۇمۇ خۇددى ئۇكىسىدەك قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكلەرنى قىلىدىغان، زەھەرخەندە، دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى؛ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن دېڭىزدا دەھ-شەتلىك ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشىدۇ. دوزاخ ئە-لاھى رېسسىن ئۇكىسىنىڭ ماتروسلىرىنى ئۆزىگە قارد-تىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دېڭىز بۆرىسى رېسسىن ئاقد-ۋەتتە يالغۇز ـ يېگانە قېلىپ ھالاك بولىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

بۇ رومان تۇنجى قېتىم 1904 ـ يىلى نەشردىن چىققاندا، ئامېرىكا جەمئىيىتىدە كۈچلۈك زىلزىلە قوزد-غىغان. لېكىن كېيىنكى چاغلاردىكى تەتقىقاتچىلاردا مەيلى ئامېرىكىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىغا قىزىققۇچىلار بولسۇن ياكى مەخسۇس جېك لوندوننى تەتقىق قىلىدد-غان مۇتەخەسسىسلەر بولسۇن، «دېڭىز بۆرىسى» نى مۇھىم ئورۇنغا قويماي كەلدى. ئۇلار بىردەك بۇ رومان جېك لوندوننىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرىدىكى ئەسىرى «مارتىن ئېدىن» ۋە شىمال بىلەن ھايۋانلار تەسۋىرلىنىد-دىغان ئەسەرلىرىدەك كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالمايدۇ دەپ قارىغان. لېكىن شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى،

ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن «دېڭىز بۆرىسى» رومانى ناھايىتى كۈچلۈك جەلپكارلىققا ئىگە. ھاياتلىقنىڭ قەيسەرلىكى، گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان جېك لوندوننىڭ قەلىمى ئاستىدا، دېڭىزدىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئاجايىپ مەنزىرىلەر ۋە دېڭىز يىلپىزى ئوۋلاش كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بىز ئاشۇ ئاجايىپ ـ غارايىپ، ياۋايىلىققا تولغان ھاياتلىقنىڭ كۈچى ۋە گۈزەللىكىدىن زوقلىنىمىز ۋە ھۇزۇرلىنىمىز. «دېڭىز بۆرىسى» رومانى «پەۋقۇلئاددە ئادەم» تىپىدىكى قەيسەر ئەزىمەتلەرنى مەركەز قىلغان، بۇ قەيسەر ئەزىمەتلەر نامرات، جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن كېلىپ چىققان بولغاچقا، ئۇلار چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچى كىشىلەردۇر؛ ئەسەردىكى باشقا پېرسوناژلارنىڭ كۆپچىلىكىمۇ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا مەنسۇپ.

جېك لوندوننىڭ ئۆزىمۇ جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىن كېلىپ چىققان يازغۇچى بولۇپ، نۇرغۇن مۇشكۈلاتلارنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ئادەم. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا ماڭغان. ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەسەردىكى باش قەھرىمان دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭكىگە نۇرغۇن تەرەپلەردە ئوخشىشىپ كېتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىن كەلگەن ئورتاق تەجرىبىلىرى تېتىقسىز تەلىماتلار ۋە ئابستراكت بولغان پەلسەپىۋى قائىدىلەردىن ئېشىپ

چۈشىدۇ، ئۇلار كۆڭلىدە كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆر-سىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن بەھرە ئالسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كىتابىي بىلىمى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدەك ئۇنداق چىن ۋە تولۇق ئەمەس. بۇ بەلكىم جېك لوندوننىڭ دېڭىز بۆرىسى رېسسىنى ئاجايىپ جانلىق تەسۋىرلەپ، ۋان ۋېيدېننى بولسا زەئىپ، ھالسىز تەسۋىرلىشىنىڭ سە-ۋەبى بولسا كېرەك. ئەمما ئەقىللىق جېك لوندون دېڭىز بۆرىسى رېسسىندەك بۇنداق قەبىھ، رەھىمسىز، زوراۋان ئادەمنىڭ مەغلۇپ قىلىنمىسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. چۈنكى، دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ پەۋقۇلئاددە شەخسىيەتچىلىك خاھىشى تولىمۇ چېكىگە يەتكەنىدى. زوراۋانلىقتا ئۇچىغا چىققان دېڭىز بۆرىسى رېسسىن، ئەڭ ئاخىردا ھەممەيلەننى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالدۇ، كېيىنكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن بىزار بولدۇ، ئۆزى تەنھا قېلىپ ئۆلدۇ، بۇ ئۇنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى ئىدى، بۇ، ئاپتورنىڭ چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچى-لىكنى تەنقىد قىلىش پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ، ئاپتور دېڭىز بۆرىسى رېسسىنىڭ تەقدىرىنى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا بەلگىلىك دەرىجىدە ئۇنىڭغا ھېسداش-لىق قىلغان، ھەتتا ئۇنى مەدھىيىلىگەن. بىز بۇ نۇق-تىنى يەنىلا ئاپتورنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك. گەرچە ئۇ دېڭىز بۆرىسى

رېسسىنىنى ئىدراكىي جەھەتتە تەنقىد قىلىسىمۇ، لېكىن ھېسسىيات جەھەتتە ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۇنىڭغا يان باسقان، بۇ دەل جېك لوندوننىڭ ئىچكى ئىدىيە-سىنىڭ زىددىيەتلىك تەرىپى.

«دېڭىز بۆرىسى» رومانى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەت-تە، ئاپتورنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا قارىغاندا ناھايىتى زور دەرىجىدە يېڭىلىنىش ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىنغان. روماندا ئادەتتىكى قاراقچى ئەمەس، بەلكى ھەم تۆۋەن قاتلامدىن كېلىپ چىققان ماتروسلاردەك قوپال، قاراقچىلاردەك رەھىمسىز، ھەم زى-يالىيلارغا خاس بولغان بىلىمنى ئىگىلىگەن بىر ئالا-ھىدە پېرسوناژ، مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى ئۆزىگە سىڭ-دۈرمىگەن، ئەمما يەنە مەدەنىيەتكە تەلپۈنىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە تۇرمۇش مۇھىتى ۋە ئادەت كۈچى تەرىپىدىن پۇت-قولى چۈشەپ قويۇلغان، ئىچكى دۇنياسى قاتمۇقات زىددىيەتلەر بىلەن تولغان بىر پېر-سوناژ تەسۋىرلەنگەن. بۇ رومان جېك لوندوننىڭ ئەسەر-لىرى ئىچىدە كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئېسىل ئە-سەرلەردىن بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچە تەسىرچانلىققا ئىگە. بۇ روماندا ئەگرى-توقاي، مۇرەك-كەپ ۋەقەلىك، يالقۇنلۇق مۇھەببەت كەچۈرمىشلىرى يوق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بىر خىل ياۋايى ھاياتىي كۈچ

بار. روماندا كىشىلىك ھايات ھەققىدە چوڭقۇر مۇلاھە-
زىلەر، پەلسەپىۋى قائىدىلەر توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر
خېلى كۆپ، بۇ رومانىنى ئوقۇغان چېغىمىزدا، ئۇنىڭدىكى
يۇرەك تارىغىمىزنى چېكىدىغان ۋەقەلەر سىزنى چوڭقۇر
ئويغا سالىدۇ، خۇددى كۆز ئالدىمىزدىلا يۈز بېرىۋاتقاندەك
تۇيۇلىدىغان ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر كۆڭۈل ئېكرانىمىزدا ئا-
يان بولىدۇ. روماندىكى قۇرلار قەيسىرانە ھاياتىي كۈچكە
تولۇپ كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ، قەلبىمىزدە ئۆچ-
مەس ئىز قالدۇرىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، جېك لوند-
دوننىڭ ئىجادىيىتىدە، ھەتتا ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىر-
دىكى ئەدەبىياتىدا، «دېڭىز بۆرىسى» رومانى ئۇسلۇبى
ئۆزگىچە، خاسلىقى ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAzMjY1MDkuemlw",
  "filename_decoded": "40326509.zip",
  "filesize": 11076825,
  "md5": "69ce1d0fb432e0becf6f8a4455c54dc4",
  "header_md5": "d15a05d199a8234a285e839baa5d636e",
  "sha1": "59d10b4f7d7242fb37a9534e0cf9d3a2a6cea2ed",
  "sha256": "945de28e2f1eaf95a405fa146415a75ce8cd07e2029201675aa894815c5f154e",
  "crc32": 1027674948,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 11477340,
  "pdg_dir_name": "\u2551\u00fa\u2514\u255f \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326509",
  "pdg_main_pages_found": 213,
  "pdg_main_pages_max": 213,
  "total_pages": 224,
  "total_pixels": 605097728,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}